ئەھمەد يەسسەۋي

# دىۋانى ھېكمەت



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ئەھمەد يەسسەۋىي

دىۋانى ھېكمەت

مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-105-12161-8
9 787105 121618
定价：22.00 元

ئەھمەد يەسسەۋي

# دىۋانى ھېكمەت

تەرجىمان: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

ئەھمەد يەسسەۋىي ۋە «دىۋانى ھېكمەت» توغرىسىدا ......... 1

ھېكمەتلەر

1 ـ ھېكمەت ............................................ 22
2 ـ ھېكمەت ............................................ 28
3 ـ ھېكمەت ............................................ 33
4 ـ ھېكمەت ............................................ 36
5 ـ ھېكمەت ............................................ 39
6 ـ ھېكمەت ............................................ 42
7 ـ ھېكمەت ............................................ 45
8 ـ ھېكمەت ............................................ 49
9 ـ ھېكمەت ............................................ 53
10 ـ ھېكمەت ............................................ 55
11 ـ ھېكمەت ............................................ 58
12 ـ ھېكمەت ............................................ 63
13 ـ ھېكمەت ............................................ 67
14 ـ ھېكمەت ............................................ 70
15 ـ ھېكمەت ............................................ 73
16 ـ ھېكمەت ............................................ 76
17 ـ ھېكمەت ............................................ 78
18 ـ ھېكمەت ............................................ 81
19 ـ ھېكمەت ............................................ 87

20 ـ هێکمەت ........ 89
21 ـ هێکمەت ........ 91
22 ـ هێکمەت ........ 94
23 ـ هێکمەت ........ 96
24 ـ هێکمەت ........ 98
25 ـ هێکمەت ........ 100
26 ـ هێکمەت ........ 102
27 ـ هێکمەت ........ 104
28 ـ هێکمەت ........ 106
29 ـ هێکمەت ........ 107
30 ـ هێکمەت ........ 108
31 ـ هێکمەت ........ 110
32 ـ هێکمەت ........ 112
33 ـ هێکمەت ........ 114
34 ـ هێکمەت ........ 117
35 ـ هێکمەت ........ 119
36 ـ هێکمەت ........ 121
37 ـ هێکمەت ........ 126
38 ـ هێکمەت ........ 127
39 ـ هێکمەت ........ 129
40 ـ هێکمەت ........ 132
41 ـ هێکمەت ........ 134
42 ـ هێکمەت ........ 136
43 ـ هێکمەت ........ 137
44 ـ هێکمەت ........ 138
45 ـ هێکمەت ........ 139
46 ـ هێکمەت ........ 140
47 ـ هێکمەت ........ 142

48 ـ هێكمەت ........................................ 147
49 ـ هێكمەت ........................................ 149
50 ـ هێكمەت ........................................ 151
51 ـ هێكمەت ........................................ 153
52 ـ هێكمەت ........................................ 155
53 ـ هێكمەت ........................................ 156
54 ـ هێكمەت ........................................ 158
55 ـ هێكمەت ........................................ 161
56 ـ هێكمەت ........................................ 163
57 ـ هێكمەت ........................................ 165
58 ـ هێكمەت ........................................ 166
59 ـ هێكمەت ........................................ 168
60 ـ هێكمەت ........................................ 171
61 ـ هێكمەت ........................................ 174
62 ـ هێكمەت ........................................ 176
63 ـ هێكمەت ........................................ 178
64 ـ هێكمەت ........................................ 182
65 ـ هێكمەت ........................................ 186
66 ـ هێكمەت ........................................ 188
67 ـ هێكمەت ........................................ 190
68 ـ هێكمەت ........................................ 192
69 ـ هێكمەت ........................................ 194
70 ـ هێكمەت ........................................ 196
71 ـ هێكمەت ........................................ 197
72 ـ هێكمەت ........................................ 198
73 ـ هێكمەت ........................................ 199
74 ـ هێكمەت ........................................ 200
75 ـ هێكمەت ........................................ 202

76 ـ ھېكمەت ............................................ 204
77 ـ ھېكمەت ............................................ 207
78 ـ ھېكمەت ............................................ 210
79 ـ ھېكمەت ............................................ 214
80 ـ ھېكمەت ............................................ 217
81 ـ ھېكمەت ............................................ 223
82 ـ ھېكمەت ............................................ 224
83 ـ ھېكمەت ............................................ 225
84 ـ ھېكمەت ............................................ 226
85 ـ ھېكمەت ............................................ 228
86 ـ ھېكمەت ............................................ 230
87 ـ ھېكمەت ............................................ 233
88 ـ ھېكمەت ............................................ 235
89 ـ ھېكمەت ............................................ 237
90 ـ ھېكمەت ............................................ 238
91 ـ ھېكمەت ............................................ 240
92 ـ ھېكمەت ............................................ 241
93 ـ ھېكمەت ............................................ 243
94 ـ ھېكمەت ............................................ 244
95 ـ ھېكمەت ............................................ 246
96 ـ ھېكمەت ............................................ 247
97 ـ ھېكمەت ............................................ 249
98 ـ ھېكمەت ............................................ 251
99 ـ ھېكمەت ............................................ 253
100 ـ ھېكمەت ............................................ 255
101 ـ ھېكمەت ............................................ 257
ئۇيغۇرچە نەشردە پايدىلانغان مەنبەلەر ..................

# ئەھمەد يەسسەۋي ۋە «دىۋانى ھېكمەت» توغرىسىدا

## 1 . ئەھمەد يەسسەۋي توغرىسىدا

ئەھمەد يەسسەۋي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ تەسەۋ-ۋۇپچىلار ئارىسىدا قۇلخوجا ئەھمەد نامى بىلەن تونۇلغان. قۇل-خوجا ئەھمەد مەركىزي ئاسىيادا ياشايدىغان تۈركي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان ئۇلۇغ تە-سەۋۋۇپچىدۇر. شۇڭا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن «پىرى تۈركىستان»، «ھەزرىتى تۈركىستان» يەنى «تۈركىستاننىڭ پىرى»، «تۈركىستاننىڭ ھەزرىتى» دېگەن-دەك كاتتا ناملار بىلەن ئەسلىنىپ تۇرغان. ئەھمەد يەسسەۋي ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان يەسسەۋي تەرىقىتىنىڭ ئاساسىنى سال-غۇچى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ھازىر پۈتۈن دۇنياغا كەڭرى تارالغان نەقشبەندىيە تەرىقىتىگىمۇ ھەر خىل شەكىلدە چوڭ تە-سىرلەرنى كۆرسەتكەن كامىل مۇرشىد ئىدى.

ئەھمەد يەسسەۋي سايرامدا تۇغۇلغان. بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆزقاراش بار. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئەھمەد يەسسەۋينىڭ ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چىمكەنت شەھرىگە قاراش-لىق سايرام دېگەن يەردە تۇغۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. يەسسەۋي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇشۇ كۆزقاراش-

نى قوبۇل قىلىشقان.

مەشھۇر ئالىم، ئوردىنارىيۇس پىروفېسسور، دوكتور مەھمەت
فۇئاد كۆپرۈلۈ (1890 ــ 1966)، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ چىم-
كەنت ئەتراپىدا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 176 كىلومېتىر شەرقىي شىمال-
ىدىكى سايرامدا تۇغۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ①. كۆپرۈلۈ
«جەۋاھىرۇل ئەبرار مىن ئەمۋاجىل بىھار» ئىسىملىك كىتابتىن
نەقىل كەلتۈرگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ رىۋايەت پە-
قەتلا بۇ كىتابتا بار بولۇپ، باشقا مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە دې-
گۈدەكلا، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ يەسسىدە تۇغۇلغانلىقى زىكىر قى-
لىنىدۇ. بۇ ئەسەر يەسسەۋىيە ئەنئەنىسىگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن
ئىخلاس قىلغان بىر يەسسەۋىي دەرۋىشى تەرىپىدىن يېزىلغان بو-
لۇپ، ئەھمەد يەسسەۋىيگە ئائىت ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى،
رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۆپرۈلۈ مۇنداق ئەسەر بار
يەردە، بىر - بىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان مەنبەلەرنى
ئاساس قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

كۆپرۈلۈ ئۆزىنىڭ بۇ رىۋايەتنى ئاساس قىلىشىغا يەنە تۆ-
ۋەندىكىچە بىرقىسىم تارىخىي دەلىللەرنىمۇ سەۋەبچى بولغانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ: «سايرام ئەنئەنە بويىچە بۇرۇندىنلا مۇھىم بىر
ئىسلام مەركىزى ئىدى. ئاھالىسى ئۈچ ئۇرۇقا ئايرىلاتتى؛ نە-
سەبلىرى قەدىمكى تاجىك شاھلىرىغىچە سۈرۈشتە قىلىنىدىغان شاھ
ئۇرۇقى؛ بۇرۇنقى ئەمىر ۋە مىرزىلارغىچە سۈرۈشتە قىلىنىدىغان
ئەمىر ئۇرۇقى؛ ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان خوجا ئۇ-

① تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئوردىنارىيۇس پىرو-
فېسسور، دوكتور مەھمەت فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك
مۇتەسەۋۋۇفلار»، ئاقچاغ نەشرىياتى، 9 - نەشرى، 2003 - يىلى ئەن-
قەرە. 85 - بەت.

رۇقى. خوجا ئۇرۇقى سەييىد بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ رايوندا ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. سايرام ئاھالىسى ئارىسىدا كېيىنكى كۈنلەرگىچە داۋاملاشقان بۇ ئەنئەنىگە قارىغاندا، خوجىلار ئىمام مۇھەممەد ھەنەفى ئەۋلادلىرى ئىدى (موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە»، قازان 1905 ـ يىلى، 286 ـ بەت). كۆپرۈلۈ يەنە موللا مۇسا سايرامىنىڭ شۇ مەلۇماتلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئاقسۇ سايرامدا تۇغۇلغانلىق ئېھتىماللىقىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردۇ.

«دىۋانى ھېكمەت»تىكى ئىككى ھېكمەتتە، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۇغۇلغان يېرى ۋە يۇرتى تۈركىستان دەپ ئېلىنغان بولسىمۇ، تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئېيتىلمىغان. ئەمما ئەھمەد يەسسەۋىيگە بېغىشلاپ يېزىلغان «فەقرنامە» ئاتلىق رىسالىدە ئۇنىڭ 73 يىل ياشىغانلىقى ۋە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى يېزىلغان. ئەگەر بۇ مەلۇماتنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، ئەھمەد يەسسەۋىي 1093 ـ يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. يۈسۈپ ھەمەدانىيغا باغلانغانلىقى ۋە ھەمەدانىينىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى بولغانلىقىدەك تارىخىي مەلۇماتلارمۇ، بۇ يىلنامىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىدۇ.

ئەھمەدنىڭ دادىسى سايرامدا نام چىقارغان ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى ئايشە (قاراساچ) ئانا ئىدى. بەزى مەنبەلەر، ئىبراھىم شەيخنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇھەممەد ھەنەفىينىڭ نەسلىدىن كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ قەبرىلىرى سايرامدا بولۇپ، تارىخىي مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەر بۇلارنى ئەھمەد يەسسەۋىي بۇخارادىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتقاندىن كېيىن ياساتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىي يەتتە ياشقا كىرگۈچە باشلانغۇچ تەربىيەسىنى دادىسى ئىبراھىم شەيختىن ئالغان. يەتتە ياشتا دادىسىدىن

يېتىم قالغان ئەھمەد، ئاچىسى گۆھەر شاھناز بىلەن بىرلىكتە يۇر-تىدىن ئايرىلىپ سايرامدىن خېلىلا ئۇزاقتىكى يەسسى شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىدۇ.

يەسسى شەھىرى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوغۇزخان قۇرغان ئىمپېراتورلۇقنىڭ پايتەختى بولغان-لىقى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئەھمەد يەسسەۋىيگە كەلگەن ۋاقىتتا، يەسسى شەھرىدە ئارسلان بابا ① ئىسىملىك شەيخ ۋەكىللىكىدىكى بىر تەسەۋۋۇپ ئەنئەنىسى مەۋجۇت ئىدى. ئەھمەدنى تەربىيەلەش-نى ئارسلان بابا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارسلان بابا ئەھمەدنىڭ مەنىۋى ئاتىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئارسلان بابانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يېقىن ساھابىلىرى-دىن ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئەھمەد يەسسەۋىي ئارسلان بابانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ-نىڭغا بېرىلگەن ئىشارەتلەرگە ئاساسەن، ئۇ ۋاقىتلاردا مۇھىم ئىسلام مەركىزى بولغان بۇخاراغا كېلىدۇ.

بۇخارا ئەينى ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھرنىڭ بۈيۈك ئىسلام مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ئى-لىم تەھسىل قىلىدىغان مەرىپەت مەركىزىمۇ ئىدى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار بۇخارادىكى مەدرىسەلەردە ھەر خىل ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشەتتى.

ئەھمەد يەسسەۋىي بۇخارادا دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىمى ۋە مۇتەسەۋۋۇپى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىينىڭ (1048 / 1049 — 1140) ھىمايىسىگە كىرىدۇ. ھېكمەتلەردە بېرىلگەن يىپ ئۇچلىرى-دىن ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ بۇ چاغدا 27 ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

---

① باب ياكى بابا ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپ ئۇلۇغلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر ئۇنۋاندۇر.

شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىي ئۈچ بوغۇن بۇرۇن مۇسۇلمان
بولغان بىر مەجۇسىي ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، قەدىمكى
ھىندى ۋە ئىران ئەقىدىلىرىنى ئىسلامىيەت ئاساسلىرى بىلەن
جىپسىلاشتۇرۇشقا تىرىشىدىغان ئەجەم مۇتەسەۋۋۇپلىرىدىن پەرق-
لىق ئىدى. ھەمەدانىي شەرىئەت ئىلمىدە ناھايىتى چوڭقۇرلىغان
بىر ھەدىس ئالىمى بولغانلىقى ئۈچۈن كىتاب ۋە سۈننەتنى ھەم-
مىدىن ئۈستۈن قوياتتى. ھەمەدانىي ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىش
ئۈچۈن مەرۋە، بۇخارا، ھىرات، سەمەرقەنتكە ئوخشاش ئىسلام
مەركەزلىرىنى ئايلىنىپ خەلقنى توغرا يولغا ئۈندەيتتى. خەلققە
ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە شەرىئەتنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئۆ-
گىتىپ، مۇرىتلىرىغا زاھىدلىق ۋە تەقۋا، رىيازەت ۋە نەپسىدىن
غالىپ كېلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. يۈسۈپ ھەمەدانىي يەنە ھەزرى-
تى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ كەرەملىك ساھابىسىنىڭ يولىدىن زەررى-
چە ئايرىلماسلىققا دىققەت قىلىدىغانلىقى بىلەن داڭ چىقارغانىدى.
تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلۈشىچە، سالجۇق سۇلتانى سەنجەر بۇ
بۈيۈك ئالىمنى بەكمۇ ھۆرمەتلىگەن. سۇلتان سەنجەر بىلەن يۈ-
سۈپ ھەمەدانىينىڭ قەبرىسى ھازىرقى تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيە-
تىنىڭ مەرۋە شەھرىدە.

ئەھمەد يەسسەۋىي شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىينىڭ ئۆلۈمىدىن
كېيىن، ھەمەدانىينىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە بۇخارادا ئىشلىرىنى
داۋاملاشتۇرغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەن مەنبەلەرنىڭ
بىرىسىدە: «يۈسۈپ ھەمەدانىينىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى خوجا ئەھ-
مەد يەسسەۋىيدۇركى، كارامەت ۋە پەۋقۇلئاددە ھاللار ئۇنىڭ
ئادەتلىرىدىن ئىدى؛ كىمكى خالىس بىر نىيەتتە ئۇ زاتنىڭ ئۆزى
بىلەن ئۇچرىشالىسا، ئەھلۇللاھتىن بولۇر ئىدى... مۇقەددەس مە-
قامى تۈركىستاندۇر، ئۇلۇغ دەرگاھى ناھايىتى پەيزىدۇر» دې-
يىلگەن. ئۇ بۇخارا سوپىلىرىغا بىر مۇددەت رەھبەرلىك قىلغاندىن

كېيىن، شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىي بەرگەن بىشارەتلەرگە ئاساسەن، خەلىپىلىك ئورنىنى شەيخ ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىيغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەسسى شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ شەھەردە ۋاپات بولغانغا (1166 ـ يىلى) قەدەر دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىي يەسسى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ـ مۇرىتلىرىنى تەربىيەلەشكە كىرىشىدۇ. بۇ مەزگىل تۈركىي تىللىق خەلقلەر تېز سۈرئەتتە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىۋاتقان ۋە ئىسلاملاشقاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار قوشۇنىغا ئايلىنىۋاتقان بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردىن كېيىن ئىسلامىيەت تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە تېز سۈرئەتتە يېيىلدى.

ئۇ تەربىيەلىگەن مۇرىتلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بالقانغىچە بولغان يۇرتلارغا تارقىلىپ ئىسلام تەرغىباتى بىلەن مەشغۇل بولۇشقاندى.

خوجا ئەھمەدنىڭ ئەتراپىغا ئىسلامىيەت بىلەن يېڭى تونۇشقان، ئەمما ئىسلامغا ناھايىتى كۈچلۈك ئەقىدە قىلغان ساپ ئەقىدىلىك تۈركلەر توپلانغانىدى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆچمەن ياكى ئولتۇراقلاشقان يېزىلىق تۈركلەر ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئەھمەد يەسسەۋىي ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلسىمۇ، لېكىن تەبلىغنى بۇ يات تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەتراپىغا ھەلقە بولۇپ توپلانغان خەلقنىڭ تىلى بولغان تۈركىي تىلدا، ئۇلار ئاسان چۈشىنىپ ئاڭقىرالايدىغان شەكىلدە خىتاب قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ.

ئۇ تەرىقەت يوللىرىنى ئەرەبچە ۋە پارسچە بىلمەيدىغان تۈركىي تىللىق سوپىلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ، تۈركلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان شەكىللەر بىلەن نەزمىي ئەسەرلەرنى

يازدى. بۇ ئەسەرلەر كيينچە توپلىنىپ «دىۋانى ھىكمەت» دەپ ئاتالدى. ئەھمەد يەسسەۋي بوش ۋاقتلىرىدا، ياغاچتىن قوشۇق ۋە چۆمۈچ ياساپ، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قوشۇق سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق رىۋايەتلەر بار.

«جەۋاھىرۇل ئەبرار»دا بېرىلگەن بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دادىسىدىن بالدۇر تۈگەپ كەتكەن. يەنە بەزى رىۋايەت ۋە مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ يەنە گۆھەر خۇشناز ياكى گەۋھەر شاھناز ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. نەچچە ئەسىردىن بېرى ئۆزلىرىنى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئەۋلادى دەپ كەلگەنلەر ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قىزنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر ئىدى.

يەسسى شەھىرى ئەتراپىدا يېقىنقى يىللارغا قەدەر نۇرغۇن كىشلەرنىڭ يەسسەۋي ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇش بىلەن تەڭ، يەنە ماۋەرائۇننەھر ۋە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى تەۋەلىكىدىكى يۇرتلاردىمۇ يەسسەۋي ئەۋلادلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. مەسىلەن، ئوسمانلى تەۋەسىدىكى يەسسەۋي ئەۋلادلىرىدىن سەمەرقەنتلىك شەيخ زەكەرىيا، ئۇسكۈپلۈك شائىر ئاتا (16 ـ ئەسىر)، ئەۋلىيا چەلەبي، خوجا ھاپىز ئەھمەد يەسسەۋي نەقشبەندىي قاتارلىقلار قالدۇرغان يادىكارلىقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەھمەد يەسسەۋي ئۇرۇقىدىن كەلگەنلىكلىرىنى بايان قىلىشقان. بۇلاردىن باشقا يەنە 16 ـ ئەسىردە ھەج مەقسىتىدە مۇرىتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى يۇرتلىرىغا كەلگەن يەسسەۋي ئەۋلادلىرىدىن شەيخ زەڭگى بىلەن 16 ـ ئەسىردە يەسسىدە شۆھرەت قازانغان توڭگۇز شەيخنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. يەنە مۇشۇ ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ سارىيىدا ئەھمەد يەسسەۋي نەسەبىدىن بولغان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى چوڭ نوپۇز قازانغانلىقى

نى، ھەتتا ھۆكۈمدارنىڭ قىزىنى ئالغانلىقى مەلۇم. دېمەككى، كېيىنكى يىللاردا، مەيلى مەركىزىي ئاسىيادا (يەنى تۈركىستاندا)، مەيلى كاپكازىيەدە ۋە ئوسمانلى تۇپراقلىرىدا بولسۇن يەسسەۋىي ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە مۇرىتلىرىنىڭ ناھايىتى پائال تەرغىبات قىلغانلىقى مەلۇم.

ئەھمەد يەسسەۋىي يەسسىدە 63 يېشىدا ، ھويلىسىنىڭ ئاستىغا بىر خىلۋەتخانا سالدۇرغان. ئەھمەد يەسسەۋىي بۇ يەردە ۋاپاتىغا قەدەر ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ يەر ئاستىدىكى ھۇجرىسىنىڭ قالدۇقلىرى بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ ھازىر رېمونت قىلىنىپ، مۇھاپىزەت قىلىنماقتا.

گوياكى قەبرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ يەر ئاستى ھۇجرىدا، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي زىكىر قىلغاندا تىزلىرى كۆكسىگە سۈرتۈلگەنلىكتىن ھەر ئىككى كۆكسى تېشىلىپ كەتكەنىكەن؛ بۇ سەۋەبلىك ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ يەنە بىر ئىسمى «سەرھەلقەيى سىينەرىشان» (كۆكسىنى يارىدار قىلغۇچىلارنىڭ باشچىسى)دۇر. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا، بۇ خىل تەركىدۇنيالىقتا ياشىشىغا ھەزرەتى مۇھەممەدنىڭ 63 ياشتا يەر ئاستىغا كىرگەنلىكى سەۋەب قىلىنغان. «دىۋانى ھېكمەت»تە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەركىدۇنيالىقتا ئۆتكۈزگەن مەنىۋى ھاللىرىنى بايان قىلىدىغان ھېكمەتلەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ خىل ھاياتنىڭ قانچىلىك داۋام قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئەھمەد يەسسەۋىي مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشىغا ئالاقىدار مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كارامەتلىرى داۋام قىلغان. يەسسەۋىيدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغان ئەمىر تۆمۈر (1336 ـــ 1405)نىڭ چۈشىگە كىرگەن ئەھمەد يەسسەۋىي ئۇنىڭغا بۇخارانىڭ پەتھىدىن

خۇشخەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئىشارەتتىن كېيىن بۇخارا ئۈستىگە ئەس-كىرىي يۈرۈش قىلغان ئەمىر تۆمۈر بۇخارانى ئالىدۇ. بۇ غەلىبە-دىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر 1396 ـ يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيىدا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە يەس-سىگە كېلىدۇ. زىيارەت ئەسناسىدا مەۋلانا ئابدۇللاھ سەدرىينى ئەھمەد يەسسەۋىي قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە كاتتا بىر مەقبەرە ياساش-قا بۇيرۇيدۇ. ھەتتا مەقبەرە قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۆلچەملەرنى بىۋاستە ئۆزى بەلگىلەيدۇ. بۇ دەۋردىكى تۈركىس-تاننىڭ ئەڭ مەشھۇر قۇرۇلۇش ئۇستىسى خوجا ھۈسەيىن شىرازىي ئىسىملىك كىشىنى يەسسەۋىي مەقبەرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىشقا تەيىنلەيدۇ. مەقبەرە قۇرۇلۇشى ئىككى يىل داۋاملىشىدۇ. يەنە ئەمىر تۆمۈرنىڭ يارلىقى بىلەن، مەقبەرىگە قوشۇمچە قىلىنغان مەسچىت، ئاشخانا ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار يەسسەۋىينىڭ مازىرىنى ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ كاتتا قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن ئەمىر تۆمۈر، يەسسى شەھىرىنىڭ يوقسۇللىرىغا نۇرغۇن سەدىقە تارقىتىدۇ. بۇ-نىڭدىن باشقا مەقبەرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەقبەرىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭرى زېمىننى ۋە تۈركىستاندىكى سۇ-غىرىش قانالللىرىنىڭ كىرىملىرىنى ۋەخپە قىلىپ بېرىدۇ.

تۆمۈرنىڭ يەسسەۋىي مەقبەرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا شۇقەدەر كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار: 14 ـ ئەسىردە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مەقبەرىسى پەقەتلا ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەھەر خەلقى تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنغاندىن سىرت، يەنە دالىدىكى كۆچمەن تۈرك خەلقى تەرىپىدىنمۇ تاۋاپ قىلىناتتى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بەكرەك ئۇلۇغلىناتتى.

مەزكۇر چوڭ قۇرۇلۇش ئەڭ ئاخىرقى ئۆزبېك خانى ئاب-دۇللا تەرىپىدىن رېمونت قىلدۇرۇلغان. يەنە بەزى تارىخىي رىۋا-

يەت ۋە مەنبەلەر («مىھماننامەئى بۇخارا»)، بۇ رىمونت ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشلەرنىڭ شەيبانىخان تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى كۆرستىدۇ. قىسقىسى، تۆمۈردىن كېيىنكى ماۋەرائۇننەھر ھۆ-كۈمدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يەسسەۋىيگە ناھايىتى چوڭ ھۆر-مەتلەردە بولغانلىقىنى، بۇ ھۆرمەتنى مەقبەرىنىڭ رىمونتى، قو-شۇمچە قۇرۇلۇشنى قىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلەپ كەل-گەن. يەسسەۋىي مەقبەرىسىدە كېيىنكى يىللارغىچە ساقلىنىپ كەل-گەن بەزى قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىرى بولسا تۆ-مۈر دەۋرىگە ئائىتتۇر.

ئەمىر تۆمۈردىن باشلاپ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھۆ-كۈمدارلار تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنغان بۇ مەقبەرە يېقىنقى يىللارغا قەدەر، ئاسىيا ۋە ۋولگا تۈركىيلىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئۆز-بېك ۋە قازاقلارنىڭ مۇقەددەس بىر زىيارەتگاھى بولغانىدى. بو-لۇپمۇ ھەر يىلى قىش پەسلىدە بۇ يەردە ئون مىڭلىغان كىشى توپلىنىپ بىر ھەپتە دىنىي مۇراسىم قىلىشاتتى. تۆمۈر دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن بۇ مۇقەددەس مازارنىڭ ئەتراپىغا دەپنە قىلىنىش ئۆزبېك ۋە قازاقلار ئۈچۈن چوڭ بىر غايە، ئىستەك ئىدى. ھەتتا ئۆزبېك، قازاقلار ئارىسىدىكى بەزى بايلار ھايات ۋاقتىلىرىدىلا بۇ يەردىن يەرلىك سېتىۋالاتتى. ئەگەر بۇ شەخسنىڭ ياشايدىغان يېرى يەسسىدىن ئۇزاق يەردە بولۇپ، قىش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەت-سە، ئۇنىڭ جەسىدى بىر كىگىزگە ئورالغاندىن كېيىن، دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلۇپ، باھار كېلىشى بىلەن تەڭ (قارلار ئې-رىپ يوللار ئېچىلغاندا)، يەسسىگە ئېلىپ كېلىنىپ ئەھمەدنىڭ يې-نىغا دەپنە قىلىناتتى. قەبرىدە يەنە تۆمۈرلەڭنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغ-بەگنىڭ قىزى رابىيە سۇلتان بېگىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭمۇ قەبرىسى بار.

سوۋېت دەۋرىدە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي مەقبەرىسى «مەدەنىيەت باغچىسى» نامىدا مۇزېيخانا قىلىنىپ، ھەرقانداق بىر شەكىلدە دىنىي پائالىيەت قىلىش چەكلەنگەندى. بۇ يەردىكى تارىخىي قىممىتى بار نۇرغۇن بۇيۇملار لېنىنگراد ئېرمىتاژ مۇزېيى قاتارلىق مۇزېيلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. مەسىلەن، مەقبەرە ئىچىدىكى ئون ئىككى تونىنا ئېغىرلىقتىكى ۋە ئۈچ مىڭ لىتىر سۇ سىغىدىغان كاتتا قازان (بۇ قازانغا مەسچىتتىكى خىزمەتچىلەر بىلەن زىيارەتچىلەر ۋە تالىپلار ئىچىدىغان سۇ تولدۇرۇلغان بولاتتى. بۇ قازاننىڭ ئەتراپىدا سۈرنىڭ ئەھمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يازمىلار يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەتلەردىن قازاننىڭ ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە قويۇلغانلىقى، تەبرىزلىك ئۇستاز شەرەپىدىننىڭ ئوغلى ئەبۇلئەزىز تەرىپىدىن قۇيۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ)، 1934 ـ يىلى ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن لېنىنگراد ئېرمىتاژ مۇزېيىغا ئاپىرىپ قويۇلغان. كېيىنكى يىللاردا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ غەيرىتى بىلەن تارىخىي بۇيۇملارنىڭ مۇھىم بىرقىسمى مەقبەرىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىندى. بۇ كاتتا قازانمۇ 1989 ـ يىلى قايتۇرۇپ ئەكېلىنىپ، ئەسلىي ئورنىغا قويۇپ قويۇلدى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مەقبەرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىگە ئۇيغۇن پائالىيەتلەرگە يول قويۇلدى، خۇسۇسەن رېمونت ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. 1993 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەقبەرىنىڭ رېمونتى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ۋە پروتوكول چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى كاتتا ئورنى، ئۇنىڭ پەقەت بەزى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى شېئىرلارنى يازغانلىقى بىلەنلا شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئىسلامىيەت تۈركلەر ئارىسىدا يېيىلىۋاتقان ئەسىر-

لەردە، ئۇنىڭ ئىسلامنى ئىخچىمۇ كەڭرى تارقىتىش ئىمكانىيىتى
بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە خاس تۇنجى تەسەۋۋۇپ ئېقىمـ
نى شەكىللەندۈرگەنلىكى ۋە بۇ ۋاستە بىلەن پۈتكۈل تۈركىي خەلقـ
لەرنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغانلىقى بىلەن شەكىللەنگەن.
يەسسەۋىيە تەرىقىتى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كەڭـ
رى تارقىلىپ ئەسىرلەرچە ياشىغان تۇنجى تۈرك تەرىقىتى ئىدى.
يەسسەۋىيە تەرىقىتى شەكىللىنىشتىن بۇرۇن تۈركىي تىللىق خەلقـ
لەردە تەسەۋۋۇپقا كىرگەنلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، مىللىي بىر تەـ
سەۋۋۇپ ئېقىمى شەكىللەندۈرۈلمىگەنلىكتىن، تەسەۋۋۇپقا كىرـ
گەنلەر چوڭ شەھەرلەردە ئەجەم — پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى
بىلەن پارسلىشىپ كېتەتتى، قىسقىسى، مۇشۇ دەۋرگىچە ھېچكىم
ئىزچىل داۋاملىشالايدىغان كۈچلۈك بىر ئېقىم بەرپا قىلىشقا مۇـ
ۋەپپەق بولالمىغانىدى.
ھالبۇكى، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ بۇ تەرىقىتى ئىزچىل
داۋام قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پەقەتلا تۈركىي تىللىق
خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى پەردازلاپ قالماستىن، بەلكى بۇ
خەلقلەرگە ئەسىرلەر بويى يېڭى نۇسرەتلەر ئاتا قىلىدىغان بىر يول
كۆرسەتكۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ ھازىرغىچە ئۇلىشىپ كەلگەـ
نىدى. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاـ
سىيادا ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا ۋە كېيىن تەڭداشسىز بىر تەسىر قالدۇـ
رۇشىدا «ھېكمەت»لىرىدەك مۇھىم بولغان يەنە بىر ئامىل — ئۇ
يېتىشتۈرۈپ تۆت ئەتراپقا ئەۋەتكەن شاگىرتلىرى ئىدى. بۇ ئىزـ
باسارلار ھەر يەردە ئېرشاد پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ياشىغان جايلاردا ئىسلام ئەتراپىدا شەـ
كىللىنىدىغان ئورتاق بىر ئېتىقاد ۋە مەنىۋى مۇھىتنىڭ ھۆكۈمران
بولۇشىغا ۋاستە بولۇشقانىدى.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئۆزى تېخى ھايات ۋاقتىدىلا بىر-
قىسىم خەلىپىلىرىنى تۈرك يۇرتلىرىغا ماڭدۇرغانىدى. بۇلارنىڭ
خېلى كۆپ قىسمى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بەزى بۈيۈك
شەيخلەرنىڭ خاتىرىلىرى ۋە نامى ھازىرغىچە ئۇنتۇلمىغان.

بىر تۈرك سوپىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ تۇنجى تۈرك
تەرىقىتى، دەسلەپتە جەيھۇن دەرياسى ھاۋزىسىدا، تاشكەنت يې-
قىنلىرىدا ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر رايونىدا يەرلەشكەن. كېيىن تۈرك
تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە خارەزمدە ھۆكۈمران
ئورۇنغا ئۆتۈشى بىلەن بۇ رايونلاردىمۇ خېلىلا كەڭ تارقالغانى-
دى. كېيىنكى يىللاردا داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ قىپچاق دالاسى
ۋە بۇلغار رايونىغىچە كېڭەيگەن. يەسسەۋىيە تەرىقىتى موڭغۇل
ئىستىلاسى دەۋرىدە خۇراسان، ئىران، ئەزەربەيجان رايونلىرى-
دىكى تۈركلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. 13 ـ ئەسىردە
ئاناتولىيەگە كىرگەن. يەسسەۋىي شەيخلىرىنىڭ ئاناتولىيەگە كۆ-
چۈشلىرى 14 ـ ئەسىرلەردىمۇ داۋاملاشقان. ھاجى بەكتاش[1] ۋە

---

① ھاجى بەكتاش ۋەلى ـــ خۇراساننىڭ نىشاپۇر شەھىرىدە تۇغۇل-
غان، قاچان تۇغۇلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ھاجى بەكتاشنىڭ ئەھمەد
يەسسەۋىينىڭ قولىدا يېتىشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنسىمۇ، ئىشەنچلىك
مەلۇمات يوق. لېكىن ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ خەلىپىلىرىدىن لوقمان
پەرەندەنىڭ قولىدا ئوقۇغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات بار. ھاجى
بەكتاش تەھسىلىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاناتولىيەگە كەلگەن ۋە بۇ
يەردە خەلققە ئىسلامىيەتنى خەلق چۈشىنەلەيدىغان ئۇسۇلدا تەبلىغ قى-
لىش، مۇرىت يېتىشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئوسمانلى سۇلتان-
لىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
تەرىقىتىگە باغلانغانلار تەسەۋۋۇپتىكى قائىدە بويىچە «بەكتاشىي»،
«بەكتاشىيلار» دەپ ئاتالدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۈركىيە، بالقان يېرىم
ئارىلى قاتارلىق رايونلاردا ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆزلىرىنى «بەكتاشى»
دەپ قاراپ، ھاجى بەكتاشنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلايدۇ.

سارى سالتۇق[1] قا ئوخشاش ئەڭ مەرىپەتلىك سوپىلارمۇ ئاناتو-
لىيە ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا يەرلىشىپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىسلاھ-
لىششى، تۈركلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر خىل ئىرق ۋە
مىللەتلەرنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ياشىشىغا كاپالەتلىك
قىلىشقانىدى.

يەسسەۋىيە تەرىقىتى دەسلىپىدە جەيھۇن دەرياسى ھاۋزى-
سىدا ۋە تاشكەنت ئەتراپىدا يەرلەشكەندىن كېيىن، تارىم ئويمان-
لىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا، خارەزم رايونىغا يېيىلغان. بۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھردىمۇ كەڭ تارقالغان. يەنە
بىر تەرەپتىن تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمال دالىسىدىكى ئېدىل -
ئۇرال رايونىغىمۇ كەڭ تارقالغان. يەسسەۋىيە تەرىقىتى يەسسەۋىي
دەرۋىشلىرى تەرىپىدىن خۇراسان، ئەزەربەيجان ۋە ئاناتولىيەگە
قەدەر يەتكۈزۈلگەن. تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە نەقشىبەن-

① سارى سالتۇق — 13 - ئەسىردە ھاجى بەكتاش ۋەلىدىن كېيىن تۈركىستاندىن ئاناتولىيەگە كېلىپ، ئىسلامنىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن بۇيۈك خىزمەتلەرنى قىلغان شەيخ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد بۇخارىي بولسىمۇ خەلق ئىچىدە سارى سالتۇق دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. سارى سالتۇقنىڭ تۈركىستاندىن 700 غازاتچى دەرۋىشى بىلەن ئاناتولىيەگە كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھاجى بەكتاش ۋەلى ئەھمەد يەسسەۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىۋى بۇيرۇقىغا بىنائەن سارى سالتۇقنى دوبرۇجاغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ دوستلىرى بىلەن ساكارىيا تەرىپىدىن دېڭىزدىن ئۆتۈپ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دوبرۇجاغا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى بايا تېغىنى ماكان قىلىپ، تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بارغانلىكى يېرىدە يەرلىك خەلق ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ۋە پاك ياشىشىغا قايىل بولۇپ مۇسۇلمان بولىدۇ. سارى سالتۇق بالقان يېرىم ئارىلىدا بىر تەرەپتىن ئىسلامنى يېيىش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمانلى بىلەن ۋىزانتىيەنىڭ چېگرىسىدا غازىلارغا سەركەردىلىك قىلىدۇ.

دىيە تەرىقىتى كەڭرى تارقالغان 15 ــ 16 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر تۈركىستان ۋە خۇراساننىڭ ھەممە يېرىدە، ھەتتا كەشمىر، كابۇل، دىيارىبەكىر، ئىستانبۇل، تەمەشۋار، ھىجازلاردا يەسسەۋىي دەرۋىشلىرى ئۇچراپ تۇراتتى.

يەسسەۋىيە تەرىقىتى خۇراساندا 13 ـ ئەسىردە ھەيدەرىيە تەرىقىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. كېيىنچە تۈركىستان ۋە ئاناتولىيەدە تەرەققىي قىلغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن كۇبراۋىييە، چىشتىييەگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىغا نازايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇپنى يېيىش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا خەلق ئەدەبىياتىدىكى شەكىللەرگە مۇۋاپىق شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئۇ يازغان شېئىرلار باشقا شېئىرلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ «ھېكمەت» دەپ ئاتالغان. بۇ ھېكمەتلەر تەخمىنەن 15 ــ 16 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە «دىۋانى ھېكمەت» ئىسمى بىلەن جەملەنگەن. يەسسەۋىيە ۋە نەقشىبەندىيە ئەنئەنەلىرى بۇ ھېكمەتلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ بىۋاستە ئەھمەد يەسسەۋىيگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى بۈگۈن قولىمىزدا بار بولغان نۇسخىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، «ھېكمەت»لەرنىڭ ھەر خىل يەسسەۋىي مۇرىتلىرىغا ئائىت ئىكەنلىكى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى ھازىرچە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. گوردلېۋسكىي 1929 ـ يىلى يەسسى شەھىرىگە قىلغان زىيارىتىدە، مەقبەرىنىڭ ئىچىدە تېرىگە يېزىلغان بىر دىۋاننىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ كېيىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مەھمەت فۇئات كۆپرۈلۈ 17 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى زامانغا ئائىت نۇسخىنىڭ ھازىرچە يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «مېھماننامەئى بۇخارا»نىڭ مۇئەللىپى، يەسسىدىكى

مەقبەرىدە يەسسەۋىينىڭ كىتابىنى ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىتاب تۈركچە بولۇپ، سۇلۇك مەرتىۋىلىرى ناھايىتى تەرتىپلىك بايان قىلىنغان، بۇنداق تەرتىپلىك ئەسەردىن ئىككىنچى بىرى يوق ئىدى. كىتابنىڭ ئىگىسى «شاھى يەسسى خوجا ئاتايى ئەھمەد» دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ قولىمىزدىكى «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئۆزى ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇماتىمىز يوق.

بۇ ھېكمەتلەرنى كىم توپلاپ دىۋان ھالىتىگە كەلتۈردى؟ «دىۋانى ھېكمەت»تىكى ھېكمەتلەردىن قايسىلىرى ھەققەتەن ئەھمەد يەسسەۋىيگە ئائىت؟ ھازىرقى نۇسخا قايسى دەۋردە كىتاب قىلىپ رەتلەنگەن؟ بۇرۇنقى نۇسخا بىلەن قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلىلەر. قولىمىزدا بار ماتېرىياللارمۇ بۇ سوئاللارغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىشتىن خېلىلا يىراق. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەرقايسى قوليازمىلىرى رەتلىنىپ، سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشى لازىم.

ئەھمەت يەسسەۋىي 12 ـ ئەسىردە دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ ئەسەر تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىنكى ئەڭ قەدىمىي بىر ئۆرنىكىدۇر. بىزگە يېتىپ كەلگەن قەدىمىي يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇ دەۋرگە ئائىت ئەسەرلەر بەكلا ئاز. مانا مۇشۇنداق بىر دەۋرگە ئائىت بولغان «دىۋانى ھېكمەت» مەيلى تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، ئەھمەد يەسسەۋىي ناھايىتى ئىستىبداتلىق بىر شائىرلا ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇپچى بولۇش بىلەن بىرگە مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا

قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئۈلگە-لىرى بويىچە خەلق تىلدا «ھېكمەت»لەرنى يېزىشى ئۇيغۇر - ئۆزبېك تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان. چۈنكى، يەسسەۋي ياشىغان دەۋر قاراخانىيلارنىڭ تازا گۈللەن-گەن دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيادا يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئىسلامىيەت، ئەسلىدىكى تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن سىڭىشىپ بىر خىل «ئويغىنىش» شەكىللىنىۋاتقان ئىدى. ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ شاھ ئەسەرلىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋا-نۇ لۇغاتىت تۈرك» مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيادا خاقانىيە تۈركچىسى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ھۆكۈمران تىل ئىدى. 11 ـ 12 ـ ئەسىرلەردە كاش-غەر تۈركچىسى دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىي تىل قەشقەردىن تارتىپ پەرغانە، تاشكەنت، سەمەرقەنت ئەتراپلىرىغا قەدەر بولغان رايونلاردا ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، ئوغۇز تۈركچىسى، يەنى غەر-بىي تۈرك تىلى غەربتە بولۇپمۇ جەيھۇن ھاۋزىسىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ خۇراسانغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلەتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈرك تىلى مەركىزىي ئاسىيادا ھۆ-كۈمران تىل ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرى بويىچە ئېيت-قاندا «تۈرك تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىۋاتاتتى». لېكىن، بۇ دەۋردە يەنە بەزى ئالىملار ئىجادىيەتلىرىنى ياكى پۈتۈكچىلىكلىرىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەرەب ـ پارس تىللىرى بىلەن يۈرگۈ-زۈشكە باشلىغان. بۇ ھەقتە ئەھمەد يەسسەۋي بىر ھېكمىتىدە:

خۇشلامايدۇر ئالىملار سىز سۆزلەگەن تۈركىينى،
ئارىفلاردىن ئىشىتسەڭ ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى،

ئايەت ـ ھەدىس مەئنىسى تۈركىي بولسا مۇۋافىق،
مەناسىغا يەتكەنلەر يەرگە قويار بۆركىنى.

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىل ۋە مىللىيلىك نۇقتىسىدىكى مەيدا-نىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسلىدە، ئىسلامىيەتنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بۇقەدەر تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلىنىشىدا، بۇ دىنىنىڭ بۇ مىللەتلەردە ئەسلىدىلا بار بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قېلىشىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم ئا-مىل، پىداكار دىن تەرغىباتچىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇنۇملۇك يول تاللىيالىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى، دى-لىنى، خۇيىنى، مىجەزىنى ياتلاردىن بەكرەك ئوبدان بىلىشەتتى. ئەرەبلەر دەسلەپدە قىلىچ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشنى، كېيىنچە بۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان ھەم ئىسلامىيەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ھەم ئۆز مىللىتىنى ئوبدان چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ئېھتى-ياجىنى ئوبدان بىلىپ يەتكەن ئالىملارنىڭ «كۆڭۈللەرنى بويسۇن-دۇرۇش» ئۇسۇلى بويىچە ئىسلامىيەتنى كېڭەيتىشى ئارقىسىدا تۈركىي قەبىلىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆزلۈكىدىن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشقانىدى.

«دىۋانى ھېكمەت»نى بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلى-دىغان بولساق، ئەسەرنىڭ يېزىلىش مەقسىتى بەدىئىي قىممەت قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر مەقسەتكە خىزمەت قىلدۇ-رۇش ئىدى.

ئەھمەد يەسسەۋىي خالىسا ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ شاھا-نە ئەسەرلەرنى يارىتالىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئەھمەد يەس-سەۋىي تەھسىل ۋە سۇلۇك ھاياتىنىڭ مۇھىم بىرقىسمىنى ئىسلام ـ ئەجەم پىكىر مەركىزىدە ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇرۇنقى ئەجەم تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى

ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، ئىسلامىيەتنى يېڭى قوبۇل قىلغان، مۇسۇلمانچىلىقى يۈزەكى بولۇش بىلەن بىرگە مىللىي مەدەنىيىتىدىن ۋە بۇرۇنقى ئادەتلىرىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغان سادىق تۈركىيلەرگە خىتاب قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكى سەۋەبلىك خالاپ ـ خالىماي، ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىگە، ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۇلارغا مەنىسىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي تىلدا، ئۇلارغا تونۇشلۇق بىر ۋەزىن بىلەن خىتاب قىلىشقا توغرا كەلگەندى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەھمەد يەسسەۋىي، ئەجەم مۇتەسەۋۋۇپلىرى ئىشلەتكەن ئاھاڭدار ئارۇز ۋەزنى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلق ياخشى كۆرىدىغان، خەلق شائىرلىرى ئەسىرلەردىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بارماق ۋەزنىنى تاللىدى ۋە پۈتۈن ھېكمەتلىرىنى بۇ ۋەزىن بىلەن يەنە خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان قەدىمكى شەكىللەر بىلەن يازدى.

مۇشۇنداق مەقسەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ «ھېكمەتلەر» مەركىزىي ئاسىيادا، خارەزمدە، ئىدىل (ۋولگا) بويلىرىدا، ئاناتولىيە ۋە بالقانلاردا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يېيىلىش بىلەن بىرگە تەقلىدچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى ئىنتايىن تېز كۆپەيدى. مۇشۇنداق سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ تۈركىي ئەدەبىياتتا بىر تەسەۋۋۇپچى شېئىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئېقىمنىڭ ئوغۇز تۈركلىرى ساھەسىدىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن ھەكىم ئاتا، مەختۇم قۇلى، يۇنۇس ئەمرە قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. ئاناتولىيەدە يۇنۇس ئەمرە بىلەن تېخىمۇ پەرقلىق بىر يولدا داۋام قىلغان بۇ تۈر، مەركىزىي ئاسىيا، خارەزم ۋە ئىدىل بويلىرىدا سەككىز ئەسىردىن بېرى ماھىيىتىنى ھېچ ئۆزگەرتمەي، نەچچە يۈزلىگەن ئىزباسارلىرى بىلەن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

1996 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئورتاق باشقۇرىدىغان «تۈرك ـ قازاق خەلقئارالىق

ئەھمەد يەسسەۋي ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرۇلدى.
ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتۇش تىلى قازاقچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىزچە. ھازىر 20 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار.
خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ «دىۋانى» 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى قازان ۋە تاشكەنتتە نەچچە قېتىم بېسىلغاندى.
1992 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ كىرىش سۆزىدە كۆرسىتىلگەندەك «دىۋانى ھېكمەت»تە ئورۇن ئالغان ھېكمەتلەر كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە، نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتۈپ قايتا ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن. ئۆزبېكىستاندا ئىككى يىل ئىچىدە «دىۋانى ھېكمەت» (1991 ـ ۋە 1992 ـ يىلى) ئىككى قېتىم بېسىلىپ تىراژى 500 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. 1992 ـ يىلى تۈركمەنىستاندا «ھېكمەتلەر» ئىسمى بىلەن 50 مىڭ تىراژدا بېسىلغان. كېيىنكى يىللاردا قازاقىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيەسىگە قاراشلىق جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ئارقا ئارقىدىن كۆپ تىراژ بىلەن بېسىلغان.
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 1993 ـ يىلنى «ئەھمەد يەسسەۋي يىلى» قىلىپ بېكىتكەن. بۇ يىل ئىچىدە ئەھمەد يەسسەۋىيگە ئالاقىدار پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۈركىيەدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تونۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان.
«دىۋانى ھېكمەت» تاشكەنتتە 17 قېتىم ، ئىستانبۇلدا توققۇز قېتىم، قازاندا بەش قېتىم، بۇخارادا بىر قېتىم بېسىلغان. 1984 ـ يىلى تۈركىيەدە 70 ھېكمەتتىن تەشكىل تاپقان «دىۋانى ھېكمەتتىن تاللانمىلار» ئىسىملىك بىر كىتاب نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب ئىككى قېتىم بېسىلغان.
بىز ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، تاشكەنت ۋە تۈركىيە نۇسخىسىنى ئاساس قىلدۇق. تۈركىيە ۋە تاشكەنت نۇس-

خىلىردىن تۈركىيە نۇسخىسى تىخمۇ تەرتىپلىك، باش ئاخىرى ئىزچىل، راۋان بولغاچقا ھېكمەتلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپىدە تۈركىيە نۇسخىسىنى ئاساس قىلدۇق.

### پايدىلانغان مەنبەلەر


1. ھەيرانى ئالتىنتاش: «تەسەۋۋۇپ تارىخى»، 1986 ـ يىل، ئەنقەرە نەشرى.

2. مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

3. مەھمەت ئەرئۆز: «تۈركىيەدە ئەلەۋىيلىك ۋە بەكتاشىيلىق» 1997 ـ يىل، ئىستانبۇل نەشرى.

4. «دىۋانى ھېكمەت»، نەشرگە تەييارلىغۇچى رەسۇل مۇھەممەد ئاشۇرباي ئوغلى ئابدۇشۇكۇروف، 1992 ـ يىل، تاشكەنت نەشرى.

«دىۋانى ھېكمەت»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور ھاياتى بىجە، 1993 ـ يىلى، ئەنقەرە نەشرى.

ئوردىنارىيۇس پروفېسسور، دوكتور مەھمەت فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋۇفلار»، ئاقچاغ نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، 9 ـ نەشرى، ئەنقەرە.

«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» 1 ـ جىلد، ئەھمەد يەسسەۋىي ماددىسى؛ 210 ـ 215 ـ بەتلەر.

# 1 ـ ھېكمەت

بسمىللاھ دەپ بايان ئەيلەي، ھېكمەت ئايتىپ،
تالىبلارغا دۇررۇ گەۋھەر ساچتىم مانا.
رىيازەتنى قاتتىق تارتىپ، قانلار يۇتۇپ،
مەن دەفتەرى سانى [1] سۆزنى ئاچتىم مانا.

سۆزنى ئايتتىم، ھەركىم بولسا دىدار تەلەب،
جاننى جانغا پەيۋەند قىلىپ رەگنى ئۇلاپ،
غەرىب، يەتىم، فەقىرلەرنى كۆڭلىن سىلاپ،
كۆڭلى يۇتۇن خەلايىقتىن قاچتىم مانا.

قايدا كۆرسەڭ كۆڭلى سىنۇق، مەرھەم بولغىل،
ئانداق مەزلۇم يولدا قالسا، ھەمدەم بولغىل.
روزى مەھشەر [2] دەرگاھىغە مەھرەم بولغىل،
ماۋۇمەنلىك [3] خەلايىقتىن قاچتىم مانا.

غەرىب، فەقىر، يەتىملەرنى رەسۇل سوردى،
ئۇشال[4] تۈنى مىئراج چىقىپ دىدار كۆردى،

---

① دەفتەرى سانى ــ ئىككىنچى دەپتەر. ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرى جەملەنگەن ئىككىنچى دەپتەرنىڭ ئىسمى.
② روزى مەھشەر ــ مەھشەر كۈنى، قىيامەت كۈنى.
③ ماۋۇمەنلىك ــ مەنمەنچىلىك
④ ئۇشال ــ ئۇ، ئاشۇ.

قايتىپ چۈشۈپ غەرىب، فەقىر ھالىن سوردى،
غەرىبلەرنى ئىزىن ئىزلەپ تۈشتۈم مانا.

ئۈممەت بولساڭ، غەرىبلەرگە تابىئ بولغىل،
ئايەت، ھەدىس ھەركىم ئايتسا، سامىئ بولغىل.
رىزقى روزى ھەرنە بەرسە، قانىئ بولغىل،
قانىئ بولۇپ، شەۋق شەرابىن ئىچتىم مانا.

مەدىنەگە رەسۇل بارىپ، بولدى غەرىب،
غەرىبلىكتە مېھنەت تارتىپ بولدى ھەبىب،
جەفا تارتىپ يارانقانغە بولدى قەرىب[1]،
غەرىب بولۇپ ئۇقبا [2] لاردىن ئاشتىم مانا.

ئاقىل ئەرسەڭ، غەرىبلەرنى كۆڭلى ئاۋلا،
مۇستەفادەك ئەلنى كېزىپ، يەتىم كاۋلا[3]،
دۇنياپەرەست، ناجىنسلەردىن بويۇن تاۋلا[4]،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.

ئىشق بابىنى مەۋلام ئاچقاچ ماڭا تەگدى،
تۇپراق قىلىپ «ھازىر بول» دەپ بوينۇم ئەگدى،
باران سىفەت [5] مەلامەتنى ئوقى تەگدى،
پەيكان [6] ئالىپ، يۈرەك ـ باغرىم تەشتىم مانا.

---

① قەرىب — يېقىن، ئاللاھقا يېقىن.
② ئۇقبا — ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.
③ كاۋلاماق — ئىزدىمەك، قوغلاشماق، قىدىرماق، ئىزلەپ تاپماق.
④ تاۋلاماق — تولغىماق، ئايلاندۇرماق.
⑤ باران سىفەت — يامغۇردەك، يامغۇر كەبى.
⑥ پەيكان — ئوقنىڭ ئۇچىدىكى ئۇچلۇق تۆمۈر.

كۆڭلۈم قاتتىغ، تىلىم ئاچچىغ، ئۆزۈم زالىم،
قۇرئان ئوقۇپ ئەمەل قىلماي يالغان ئالىم.
غەرىب جانىم سەرف ئەيلەيىن، يوقتۇر مالىم،
ھەقتىن قورقۇپ ئوتقا تۇشمەي پىشتىم مانا.

ئاتمىش ئۈچكە ياشىم يەتتى ئۆتتۈم غافىل،
ھەق ئەمرىنى مەھكەم تۇتماي ئۆزۈم جاھىل
روزە، نەماز قەزا قىلىپ بولدۇم كاھىل[1]،
يامان ئىزلەپ ياخشىلاردىن كەچتىم مانا.

ۋادەرىغا، مۇھەببەتنى جامىن ئىچمەي،
ئەھلى - ئەيال، خانۇماندىن تۇگەل كەچمەي،
جۇرمۇ ئىسيان [2] گىرىھلەرىن [3] مۇندا يەشمەي،
شەيتان غالىب، جان بىر ەردە شاشتىم مانا.

ئىمانىمغە چاڭگال ئۇرۇپ قىلدى غەمناك،
پىرى مۇغان [4] «ھازىر بول» دەپ ساچتى تەرياك[5]،
شەيتان لەئىن مەندىن قاچىپ كەتتى بىپاك،
بىھەمدىللاھ [6] نۇرى ئىمان ئاچتىم مانا.

---

① كاھىل ــ ھورۇن، يالقاۋ، بوشاڭ.
②جۇرمۇ ئىسيان ــ گۇناھ ۋە ئىسيان.
③ گىرىھ ــ تۇگۈن، توقۇناق، باغ.
④ پىرى مۇغان ــ ئىلاھىي ئىشقنى ئۆگىتىدىغان ۋە ئىلاھىي ئىشققا بىرىشقا ۋاستە بولىدىغان تەرىقەت يولىنىڭ رەھبىرى، مۇرشىد.
⑤ تەرياك ــ زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.
⑥ بىھەمدۇللاھ ــ ئاللاھقا مەدھىيەلەر بولسۇن.

پىرى مۇغان خىزمەتىدە يۈگرۈپ يۈردۈم،
خىزمەت قىلىپ، كۆزۈم يۇماي ھازىر تۇردۇم،
مەدەت قىلدى، ئەزازىلنى قاۋلاپ سۈردۈم،
ئاندىن سوڭرە قانات قاقىپ ئۇچتۇم مانا.

غەرىب، فەقىر، يەتىملەرنى قىلغىل شادمان،
ھەلقە قىلىپ ئەزىز جانىڭ ئەيلە قۇربان،
تەئام تاپساڭ، جانىڭ بىرلە قىلغىل مېھمان،
ھەقتىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئايتتىم مانا.

غەرىب، فەقىر، يەتىملەرنى ھەركىم سورار،
رازى بولۇر ئول بەندەدىن پەرۋەردىگار،
ئەي بىخەبەر، سەن بىر سەبەب، ئۆزى ئاسرار،
ھەق مۇستەفا پەندىن ئىشتىپ ئايتتىم مانا.

يەتتە ياشتا ئارسلان بابغا قىلدىم سەلام،
«ھەق مۇستەفا ئامانەتىن قىلىڭ ئىنئام»،
ئوشال ۋەقتدە مىڭ بىر زىكرىن قىلدىم تەمام،
نەفسىم ئۆلۈپ، لا مەكانغا[1] ئاشتىم مانا.

خۇرما بېرىپ، باشىم سىلاپ، نەزەر قىلدى،
بىر فۇرسەتتە، ئۇقبا سارى سەفەر قىلدى،
ئەلۋىدا، دەپ بۇ ئالەمدىن گۇزەر[2] قىلدى،
مەكتەب بارىپ، قايناپ ـ جوشۇپ تاشتىم مانا.

---

① لامەكان ـــ ماكانسىز، مەلۇم بىر ماكانغا ئېھتىياجى بولمىغان، ئاللاھ.

② گۇزەر ـــ يۈرمەك، ئۆتمەك.

«ئىننە فەتەھنا»[1] نى ئوقۇپ مەئنى سۇردۇم،
پەرتەۋ [2] سالدى بىخۇد بولۇپ دىدار كۆردۇم،
موللام ئۇرۇپ سۈكۈت دىدى قاراپ تۇردۇم،
ياشىم ساچىپ مۇزتەر [3] بولۇپ تۇردۇم مانا.

ئايا نادان، مەئنى بۇل دەپ ئايتتى، بىلدىم،
ئاندىن سوڭرە چۆللەر كىزىپ ھەقنى سوردىم،
روزى قىلدى ئەزازىلنى تۇتۇپ مىندىم،
لەنگەر[4] تۆكەپ، بىلىن باسىپ يانچىتىم مانا.

زىكرىن تەمام قىلىپ، ئۆتتۇم دىۋانەگە،
ھەقدىن ئۆزگە ھېچ سۆزلەمەي بىگانەگە،
شەمئىن ئىزلەپ، شاگىرد كىردىم پەرۋانەگە،
ئەخگەر[5] بولۇپ، كۆيۈپ يانىپ ئۆچتۇم مانا.

نامۇ نىشان ھېچ قالمادى لالا بولدۇم،
ئاللاھ يادىن ئايتا ـ ئايتا ئىللا بولدۇم،
خالىس بولۇپ، مۇخلىس بولۇپ، لىللاھ بولدۇم،
«فەنا فىللاھ»[6] مەقامىغا ئاشتىم مانا.

---

① بۇ يەردە فەتھى سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ. قاراڭ قۇرئانى كەرىم فەتىھ سۈرىسى 1 ـ ئايەت. (48 / 1).

② پەرتەۋ ـــ نۇر، پارقىراقلىق، ئىلاھىي يورۇقلۇق.

③ مۇزتەر ـــ ئىزتىراپتا قالغان، ئىنتىزار بولغان.

④ لەنگەر ـــ پېقىر ـ مىسكىنلەرگە يېمەكلىك تارقىتىلىدىغان يەر. يەنە بىر مەنىسى ئۆتەڭ.

⑤ ئەخگەر ـــ چوغ، ئوتنىڭ چوغى.

⑥ فەنا فىللاھ ـــ سوپىزم تەرىقىتىدىكى روھىي كامىللىقنىڭ ئەڭ ئالىي (7 ـ) باسقۇچى.

سۈننەت ئەرمىش كافىر بولسا بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق، دىل ئازاردىن خۇدا بىزار،
ئاللاھ ھەققى ئانداق قۇلغا سىججىن[1] تەييار،
دانالاردىن بۇ سۆز ئىشتىپ ئايتتىم مانا.

سۈننەتلەرنى مەھكەم تۇتۇپ ئۈممەت بولدۇم،
يەر ئاستىغا يالغۇز كىرىپ، نۇرغا تولدۇم،
ھەقپەرەستلەر مەقامىغا مەھرەم بولدۇم،
باتىن تىغى بىرلە نەفسنى يانچتىم مانا.

نەفسىم مېنى يولدىن ئۇرۇپ خار ئەيلەدى،
تەلمۈرتۈرۈپ خەلايىققە زار ئەيلەدى،
زىكر ئايتتۇرماي شەيتان بىرلە يار ئەيلەدى،
ھازىرسەن دەپ نەفس باشىنى سانچتىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد، غەفلەت بىرلە ئۆمرۈڭ ئۆتتى،
ۋا ھەسرەتا! كۆزدىن، تىزدىن قۇۋۋەت كەتتى،
ۋا ۋەيلەتا! نەدامەتنى ۋەقتى يەتتى،
ئەمەل قىلماي، كارۋان بولۇپ كۆچتۈم مانا.

[1] سىججىن ـــ دوزاخ، جەھەننەم.

## 2 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، قۇلاق سالىڭ ئايدۇغۇمغا،
نە سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە،
مېئراج ئۈزرە ھەق مۇستەفا روھۇم كۆردى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ھەق مۇستەفا جەبرائىلدىن قىلدى سوئال،
«بۇ نېچۈك روھ، تەنگە كىرمەي تاپتى كەمال،
كۆزى ياشلىغ، ھەلقە باشلىغ، قەددى ھىلال»،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

جىبرىل ئايدى: «ئۇممەت ئىشى سىزگە بەرھەق،
كۆككە چىقىپ، مەلائىكدىن ئالۇر سەبەق،
نالەسىگە نالە قىلۇر ھەفتۇم تەبەق »[1]،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئەۋۋەل «ئەلەست بىرەببىكۇم»[2] دېدى بىل ھەق،
«قالۇ بەلا»[3] دېدى روھۇم، ئالدى سەبەق،

---

① ھەفتۇم تەبەق ــ يەتتىنچى قەۋەت، يەتتىنچى ياپراق.

② ئەلەستۇ بىرەببىكۇم ــ «مەن سىزنىڭ رەببىڭىزمۇ ـ ئەمەس ـ مۇ؟» دېگەنلىكتۇر.

③ قالۇ بەلا ــ «ھەئە (رەببىمىز سەن) دېيىشتىلەر». قاراڭ قۇرئا ـ نى كەرىم، ئەئراف سۈرىسى، 172 ـ ئايەت (7 / 172).

ھەق مۇستەفا «فەرزەند» دېدى بىلىڭ مۇتلەق،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

«فەرزەندىم» دەپ ھەق مۇستەفا قىلدى كەلام،
ئاندىن سوڭرە بارچە ئەرۋاھ قىلدى سەلام،
رەھمەت دەريا تولۇپ تاش، دەپ يەتتى پەيام[1] ،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

رەھمى ئىچرە پەيدا بولدۇم، ندا كەلدى،
«زىكر ئايت!» دېدى، ئەئزالارىم تىترەي بەردى،
روھۇم كىردى، سۆڭەكلەرىم «ئاللاھ» دېدى،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

تۆرت يۈز يىلدىن كېيىن چىقىپ، ئۇممەت بولغاي،
نەچچە يىللار يۈرۈپ، خەلققە يول كۆرگۈزگەي،
ئون تۆرت مىڭ مۇجتەھىدلەر[2] خىزمەت قىلغاي،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

توققۇز ئايۇ توققۇز كۈندە يەرگە تۈشتۈم،
توققۇز سائەت تۇرالمادىم، كۆككە ئۇچتۇم،
ئەرشۇ كۈرسى پايەسىنى بارىپ قۇچتۇم،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

ئەرش ئۈستىدە نەماز ئوقۇپ، تىزىم پۈكتۈم،
رازى ئايتىپ ھەققە باقىپ ياشىم تۆكتۈم،
يالغان ئاشىق، يالغان سوفى كۆردۈم، سۆكتۈم،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

---

① پەيام — خەۋەر.
② مۇجتەھىد — ئىجتىھاد قىلغۇچى. زۆرۈر تېپىلغاندا ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىدىغان دىن ئالىمى.

جاندىن كەچمەي «ھۇ ـ ھۇ» دېگەن بارى يالغان،
بۇ قىلتاقدىن سورماڭ سوئال يولدا قالغان،
ھەقنى تاپقان ئۆزى پىنھان، سۆزى پىنھان،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچتە كىردىم يەرگە.

بىر ياشىمدا ئەرۋاھ ماڭا ئۇلۇش بەردى،
ئىككى ياشتا پەيغەمبەرلەر كېلىپ كۆردى،
ئۈچ ياشىمدا چىلتەن كېلىپ ھالىم سوردى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

تۆرت ياشىمدا ھەق مۇستەفا بەردى خۇرما،
يول كۆرسەتتىم، يولغا كىردى نەچچە گۇمراھ،
قايدا بارسام، خىزىر بابام ماڭا ھەمراھ،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

بەش ياشىمدا بېلىم باغلاپ، تائەت قىلدىم،
تەتەۋۋۇئى [1] روزا تۇتۇپ ئادەت قىلدىم،
كېچە ـ كۈندۈز زىكرىن ئايتىپ، راھەت قىلدىم،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئالتە ياشدا تۇرماي قاچتىم خەلايىقدىن،
كۆككە چىقىپ دەرس ئالدىم مەلائىكدىن،
دامەن[2] كېسىپ ھەممە ئەھلۇ ئەلايىقدىن[3]
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

---

① تەتەۋۋۇئى ـــ پەرز نامازلاردىن باشقا نەپلە ناماز.
② دامەن ـــ ئېتەك، پەش.
③ ئەھلۇ ئەلايىق ـــ يېقىن، تونۇش ـ بىلىش.

يەتتە ياشدا ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى،
ھەر سىر كۆرۈپ پەردە بىرلە ئوراپ ياپتى،
«بىھەمدۇللاھ، كۆردۈم» دېدى، ئىزىم ئۆپدى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

قابىز كېلىپ ئارسلان بابام جانىن ئالدى،
ھۆرلەر كېلىپ ھەرىر توندىن كەپەن قىلدى،
يەتمىش مىڭ پەرىشتەلەر يىغىلىپ كەلدى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

جەنازەسىن ئوقۇپ، يەردىن كۆتۈردىلەر،
بىر فۇرسەتدە ئۈچماق ئىچرە يەتكۈردىلەر،
روھىن ئالىپ «ئىللىيىن»[1] گە كىرگۈزدىلەر،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئاللاھ، ئاللاھ، يەر ئاستىدا ۋەتەن قىلدى،
مۇنكىر ـ نەكىر: «مەن رەببۇك؟»[2] دەپ سورۇغ سوردى،
ئارسلان بابام ئىسلامدىن بەيان قىلدى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئاقىل ئەرسەڭ، ئەرەنلەرگە خىزمەت قىلغىل،
«ئەمرى مەئرۇف» قىلغانلارنى ئىززەت قىلغىل،

---

① ئىللىيىن ــ يۈكسەكلىك، ئۇلۇغلۇق؛ جەننەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسى.

② مەن رەببۇك ــ «رەببىڭ كىم؟...»

«نەھى مۇنكەر»[1] قىلغانلارنى ھۆرمەت قىلغىل،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

سەككىزىمدە سەككىز ياندىن يول ئاچىلدى،
«ھېكمەت ئايت!» دەپ باشلارىمغا نۇر ساچىلدى،
بىھەمدۇللاھ، پىرى مۇغان مەي ئىچۈردى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

پىرى مۇغان ھەق مۇستەفا، بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئايتىپ تەئزىم قىلىڭ،
دۇرۇد ئايتىپ مۇستەفاغە ئۈممەت بولۇڭ،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

توققۇزۇمدا تولغانمادىم توغرا يولغا،
«تەبەررۇك» دەپ ئالىپ يۈردى قولدىن قولغا،
قۇۋانمادىم [2] بۇ سۆزلەرگە، قاچتىم چۆلگە،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئون ياشىمدا ئوغلان بولدۇڭ، قۇل خوجا ئەھمەد،
خوجالىككە بىنا قويۇپ قىلماي تائەت،
خوجامەن دەپ، يولدا قالساڭ، ۋاي، نە ھەسرەت،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

---

① نەھى مۇنكەر — شەرىئەت چەكلىگەن نەرسىلەرنى توسماق، ئۇيىغۇن بولمىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماق.

② قۇۋانماق — سۆيۈنمەك.

## 3 ـ ھېكمەت

ھەر سۇبھەدەم نىدا كەلدى قۇلاقىمغا،
«زىكر ئايت!» دېدى، زىكرىن ئايتىپ يۈردۈم مانا.
ئىشقسىزلارنى كۆردۈم ئەرسە يولدا قالدى،
ئول سەبەبدىن ئىشق دۇكانىن قۇردۇم مانا.

ئون بىرىمدە رەھمەت دەريا تولۇپ تاشتى،
«ئاللاھ» دېدىم، شەيتان مەندىن يىراق قاچتى،
ھايۇ ھەۋەس، ماۋۇمەنلىك قالماي كۆچتى،
ئون ئىككىمدە بۇ سىرلارنى كۆردۈم مانا.

ئون ئۈچۈمدە نەفس ھەۋانى قولغا ئالدىم،
نەفس باشغە يۈزمىڭ بەلا قارماپ سالدىم،
تەكەببۇرنى ئاياق ئاستىغا باسىپ ئالدىم،
ئون تۆرتۈمدە تۇپراق سفەت بولدۇم مانا.

ئون بەشىمدە ھۆرۇ غىلمان قارشۇ كەلدى،
باشىن ئۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ تەئزىم قىلدى،
فىردەۋس ئاتلىق جەننەتدىن مەزھەر كەلدى،
دىدار ئۈچۈن بارچەسىنى قويدۇم مانا.

ئون ئالتىمدە بارچە ئەرۋاھ ئۇلۇش بەردى،
«ھاي ـ ھاي سىزگە مۇبارەك» دەپ ئادەم كەلدى،

«فەرزەندىم» دەپ بوينۇم قۇچۇپ كۆڭلۈم ئالدى،
ئون يەتتىمدە تۈركىستاندا تۇردۇم مانا.

ئون سەككىزدە چىلتەن بىرلە شاراب ئىچتىم،
زىكرىن ئايتىپ، هازىر تۇرۇپ كۆكسۈم تەشتىم،
نەسىب قىلدى، جەننەت كېزىپ هۆرلەر قۇچتۇم،
هەق مۇستەفا جەماللارىن كۆردۈم مانا.

ئون توققۇزدا يەتمىش مەقام زاهىر بولدى،
زىكرىن ئايتىپ ئىچىم ـ تاشىم تاهىر بولدى،
قايدا بارسام خىزىر بابام هازىر بولدى،
غەۋسۇل غىياس[1] مەي ئىچۈردى، تويدۇم مانا.

ياشىم يەتتى يىگىرمەگە، ئۆتتۈم مەقام،
بىھەمدىللاھ، پىر خىزمەتىن قىلدىم تەمام،
دۇنيادەكى قۇرتۇ قۇشلار قىلدى سەلام،
ئول سەبەبدىن هەققە ياۋۇق[2] بولدۇم مانا

مۆئمىن ئەرمەس، ھېكمەت ئاڭلاپ يىغلامايدۇر،
ئەرەنلەرنىڭ ئايتقان سۆزىن تىڭلامايدۇر،
ئايەت، هەدىس گويا قۇرئان ئاڭلامايدۇر،
بۇل رىۋايەت ئەرش ئۈستىدە كۆردۈم مانا.

رىۋايەتنى كۆرۈپ هەقلە سۆزلەشتىم مەن،
يۈزمىڭ تۈرلۈك مەلائىككە يۈزلەشتىم مەن،

① غەۋسۇل غىياس — ۋەلىيلەرنىڭ ۋەلىيسى، ئەۋلىيالار ئەۋلىيا-
سى.
② ياۋۇق — يېقىن.

ئۇل سەبەبدىن ھەقنى سۆزلەپ، ئىزلەشتىم مەن،
جانۇ دىلىم ئاڭا فىدا قىلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد، ياشىڭ يەتتى يىگىرمە بىر،
نە قىلغايسەن، گۇناھلارىڭ تاغدىن ئاغىر،
قىيامەت كۈن غەزەب قىلسا، رەببىم قادىر،
ئايا دوستلار، قانداق جەۋاب ئايتغۇم مانا.



# 4 ـ ھېكمەت

خۇش غايىبدىن قۇلاقىمغا ئىلھام كەلدى،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.
بارچە بۇزۇرگ يىغلىپ كېلىپ ئىنئام بەردى،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە ئىككى ياشتا فەنا [1] بولدۇم،
مەرھەم بولۇپ چىن دەرتلىككە دەۋا بولدۇم،
يالغان ئاشىق، چىن ئاشىققا گۇۋاھ بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

ئايا دوستلار، ياشىم يەتتى يىگىرمە ئۈچ،
يالغان دەئۋا تائەتلىرىم، بارچەسى پۇچ[2]
قىيامەت كۈن نە قىلغايمەن بەرەھنە[3] لۈچ [4]،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە تۆرتكە كىردىم، ھەقتىن يىراق،
ئاخىرەتكە بارۇر بولسام، قانى ياراق،

---

① فەنا ــ يوقلۇق، يوق بولماق. ئۆز بارلىقىدىن كەچمەك.
② پۇچ ــ بوش، بىكار، پۇچەك.
③ بەرەھنە ــ يالىڭاچ، يالاڭ.
④ لۈچ ــ ئالىغاي، تۈز قارىماسلىق ياكى كۆرمەسلىك.

ئۆلگەنىمدە يىغلىپ ئۇرۇك يۈزمىك تاياق،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

جەنازەمنى ئارقاسىدىن تاشلار ئاتىك،
ئاياقىمدىن تۇتۇپ سۆدرەپ گۆرگە ئاتىك،
ھەققە قۇللۇق قىلمادىڭ دەپ يانچىپ تەپىك،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

يازۇق [1] بىرلە ياشىم يەتتى يىگىرمە بەش،
سۇبھان ئىگەم، زىكىر ئۆرگەتىپ كۆكسۈمنى تەش،
كۆكسۈمدەكى گىرىھلەرىم سەن ئۆزۈك يەش،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە ئالتە ياشدە سەۋدا قىلدىم،
مەنسۇر سىفەت دىدار ئۈچۈن غەۋغا قىلدىم،
پىرسىز يۈرۈپ دەردۇ ھالەت پەيدا قىلدىم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە يەتتە ياشتا پىرنى تاپتىم،
ھەرنە كۆردۈم، پەردە بىرلە سىرنى ياپتىم،
ئاستانەسىن ياستانىبان ئىزىن ئۆپتىم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە سەككىز ياشتا ئاشىق بولدۇم،
كېچە ياتماي، مېھنەت تارتىپ سادىق بولدۇم،
ئاندىن سوڭرە دەرگاھىغە لايىق بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

---

① يازۇق ــــ گۇناھ، جىنايەت.

بىركەم ئوتتۇز ياشقا كىردىم ھالىم خەراب،
ئىشق يولىدا بولالمادىم مىسلى تۇراب،
ھالىم خەراب، باغرىم كەباب، كۆزۈم پۇر ئاب،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

ئوتتۇز ياشتا ئوتتۇن قىلىپ كۆيدۈردىلەر
جۇملە بۇزرگ يىغلىپ دۇنيا قويدۇردىلار،
ئۇرۇپ، سۆكۈپ، دۇنيا ئۇقىبىن قويدۇردىلار،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد دۇنيا قويساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
كۆكسۈڭدەكى چىققان ئاھىڭ ئەرشكە يېتەر،
جان بېرۈردە ھەق مۇستەفا قولۇڭ تۇتار،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.



# 5 ـ ھېكمەت

ناگەھانى تۇرۇرۇمدا قامۇغ [1] بۇزۇرگ،
ھەق ئىشقىنى كۆڭلۈم ئىچرە سالدى دوستلار،
خىزىر بابام ھازىر تۇرۇپ لۇتپ ئەيلەبان،
مەدەد قىلىپ قولۇم تۇتۇپ ئالدى دوستلار.

ئوتتۇز بىردە خىزىر بابام مەي ئىچۈردى،
ۋۇجۇدۇمدىن ئەزازىلنى پاك قاچۇردى،
سەۋدا قىلدىم، يازۇقلارىم ھەق كەچۈردى،
ئاندىن سوڭرە ھەق يولىغە سالدى دوستلار.

ئوتتۇز ئىككى ياشتا كەلدى ھەقتىن فەرمان،
«بەندەلىككە قەبۇل قىلدىم، قىلما ئەرمان،
جان بېرۇردە بەرگۈم ساڭا نۇرى ئىمان»،
غەرىب جانىم شادمان بولۇپ كۈلدى دوستلار.

خالىقىمدىن [2] خەبەر كەلدى، شاكىر بولدۇم،
ھەركىم سۆكتى، بەلكىم تەپتى سابىر بولدۇم،
بۇ ئالەمدە ھېچ ئۇخلاماي ھازىر بولدۇم،
ھايۇ ھەۋەس، ماۋۇمەنلىك كەتتى دوستلار.

---

① قامۇغ ـــ پۈتۈن، ھەممە.
② خالىق ـــ ياراتقۇچى، يەنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئاللاھ.

ئوتتۇز ئۈچتە ساقى بولۇپ مەي ئۈلەشتىم،
جامى شەراب قولغا ئالىپ، تويە ئىچتىم،
لەشكەر تۈزۈپ شەيتان بىرلە مەن ئۇرۇشتۇم،
بىھەمدىللاھ، ئىككى نەفسىم ئۆلدى دوستلار.

ئوتتۇز تۆرتدە ئالىم بولۇپ دانا بولدۇم،
«ھېكمەت ئايت!» دەپ سۇبھان ئايدى، گويا بولدۇم،
چىلتەن بىرلە شەراب ئىچىپ ھەمراھ بولدۇم،
ئىچۇ تاشىم ھەق نۇرىغە تولدى دوستلار.

ئوتتۇز بەشتە مەسجىد كىرىپ دەۋران سۇردۇم،
تالىبلارغا ئىشق دۇكانىن تولا قۇردۇم،
ئەگرى يولغا ھەركىم كىردى، سۆكتۇم، ئۇردۇم،
ئاشىقلارغا ھەقتىن مۇژدە ① يەتتى دوستلار.

ئوتتۇز ئالتە ياشدە بولدۇم ساھىب كەمال،
ھەق مۇستەفا كۆرسەتتىلەر، ماڭا جەمال،
ئۇل سەبەبدىن كۆزۈم ياشلىق، قامەتىم دال،
ئىشق خەنجەرى يۈرەك باغرىم تىلدى دوستلار.

ئوتتۇز يەتتە ياشقا كىردىم، ئويغانمادىم،
ئىنسانى قىلىپ ئاللاھ سارى تولغانمادىم،
سەھەر ۋەقتدە زارى قىلىپ ئىڭرامادىم،
تەۋبە قىلدىم، خوجام قەبۇل قىلدى دوستلار.

ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىردىم، ئۆمرۈم ئۆتتى،
يىغلىمايمۇ، ئۆلەر ۋەقتىم ياۋۇق يەتتى،

① مۇژدە ــــ خۇش خەۋەر.

ئەجەل كېلىپ پەيمانەسىن ماڭا تۇتتى،
بىلمەي قالدىم، ئۆمرۈم ئاخىر بولدى دوستلار.

ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىردىم، قىلدىم ھەسرەت،
ۋادەرىغا، ئۆتتى ئۆمرۈم، قانى تائەت؟
تائەتلىكلەر ھەق قاشىدا خۇش سەئادەت،
قىزىل يۈزۈم تائەت قىلماي سولدى دوستلار.

ساچ ـ ساقالىم خوب ئاقاردى، كۆڭلۈم قارا،
زورى مەھشەر رەھم ئەتمەسەڭ، ھالىم تەباھ،
ساڭا ئەيان، ئامالسىزمەن، كۆپتۇر گۇناھ
جۈملە مەلەك يازۇقلارىم بىلدى دوستلار.

پىرى مۇغان شارابىدىن قەترە تاتتىم،
يول تاپاي دەپ باشىم بىرلە تۈنلەر قاتتىم،
بىھەمدىللاھ، لۇتف ئەيلەدى نۇرغا پاتتىم،
كۆڭۈل قۇشى لا مەكانغە يەتتى، دوستلار.

قىيامەتنىڭ شىددەتىدىن ئەقلىم ھەيران،
كۆڭلۈم قورقغان، جانىم ھارغان، خانە ۋەيران،
سىرات ئاتلىق كۆپرۈگىدىن دىلىم لەرزان،
ئەقلىم كېتىپ، بىھۇش بولۇپ قالدىم دوستلار.

قۇل خوجا ئەھمەد، قىرقغا كىردىڭ، نەفسىڭنى قىرق،
مۇندا يىغلاپ، ئاخىرەتتە بولغىل ئارىق،
پوستى ئىمان شەرىئەتتۇر، مەغزى تەرىق،
تەرىق كىرگەن ھەقدىن ئۈلۈش ئالدى دوستلار.

## 6 ـ ھېكمەت

يا ئىلاھىم، ھەمدىڭ بىرلە ھېكمەت ئايتتىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغنىپ كەلدىم ساڭا،
تەۋبە قىلىپ، گۇناھىمدىن قورقۇپ قايتتىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق بىرىمدە ئىخلاس قىلدىم يول تاپاي دەپ،
ئەرەنلەردىن ھەر سىر كۆرسەم، مەن ياپاي دەپ،
پىرى مۇغان ئىزىن ئالىپ مەن ئۆپەي دەپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق ئىككىمدە تالىب بولۇپ يولغا كىردىم،
ئىخلاس قىلىپ يالغۇز ھەققە كۆڭۈل بەردىم،
ئەرشۇ كۇرسى، لەۋھدىن ئۆتۈپ قەلەم كەزدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق ئۈچۈمدە ھەقنى ئىزلەپ نالە قىلدىم،
كۆز ياشىمنى ئاققۇزۇبان ژالە [①] قىلدىم،
بەيابانلار كېزىپ ئۆزۈم ۋالە قىلدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغنىپ كەلدىم ساڭا.

---

① ژالە ـــ مۆلدۈر؛ نەم، شەبنەم.

قىرق تۆرتۈمدە مۇھەببەتنى بازارىندە
ياقام تۇتۇپ، يىغلاپ يۈردۈم گۈلزارىندە
مەنسۇر سىفەت باشىم بېرىپ ئىشق دارىندە
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق بەشىمدە سەندىن ھاجەت تىلەپ كەلدىم،
تەۋبە قىلدىم، ھەر ئىش قىلدىم خەتا قىلدىم،
يا ئىلاھىم، رەھمىتىڭنى ئۇلۇغ بىلدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق ئالتىمدە، زەۋقۇ شەۋقىم تولۇپ تاشتى،
رەھمەتىڭدىن قەترە تامدى شەيتان قاچتى،
ھەقدىن ئىلھام رەفىق [1] بولۇپ، بابىن ئاچتى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق يەتتىمدە يەتتە ياقدىن ئىلھام يەتتى،
ساقى بولۇپ جامى شەراب خوجام تۇتتى،
شەيتان كېلىپ نەفس ھەۋانى ئۆزى يۇتتى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق سەككىزدە ئەزىز جاندىن بىزار بولدۇم،
گۇناھ دەردى كېسەل قىلدى، بىمار بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ، بىدار بولدۇم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرق توققۇزدا ئىشقلىك تۇشتى كۆيۈپ ياندىم،
مەجنۇن سىفەت دوست ـ ياراندىن قاچىپ تاندىم،

---

① رەفىق ــــ يولداش، دوست؛ ياردەمچى.

تۆرلۆك ـ تۆرلۆك جەفا تەگدى بويۇن ئەگدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

ئەللىكىمدە ئەرمەن دېدىم، فېئلىم زەئىف[1] ،
قان تۆكمەدىم كۆزلەرىمدىن باغرىم ئېزىپ،
نەفسىم ئۈچۈن يۈرەر ئىدىم ئىتتەك كېزىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قۇل خوجا ئەھمەد، ئەر بولماساڭ ئۆلگەن ياخشى،
قىزىل يۈزۈڭ قارا يەردە سولغان ياخشى،
تۇپراق سىفەت يەر ئاستىدا بولغان ياخشى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

---

① فېئلىم زەئىف ــ ئەمەلىم ئاجىز. يەنى قىلغان ئەتكەنلىرىم، ئەجرىم، ئەمەلىم يېتەرسىز.

# 7 ـ ھېكمەت

«قۇلھۇۋەللاھ»[1] «سۇبھانالLاھ»[2] ۋىرد [3] ئەيلەسەم،
بىرۇ بارىم [4] دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ،
باشدىن ئاياغ ھەسرەتىڭدە داد ئەيلەسەم،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك بىردە چۆللەر كېزىپ گىياھ يېدىم،
تاغلار چىقىپ تائەت قىلىپ كۆزۈم ئۇيدۇم،
دىدارىڭنى كۆرەلمەدىم جاندىن تويدۇم،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك ئىككى ياشدە كەچتىم خانۇماندىن،
خانۇمانىم نە كۆرۈنگەي بەلكى جاندىن،
باشتىن كەچتىم، جاندىن كەچتىم ھەم ئىماندىن،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

---

① قۇل ھۇۋەللاھ ــــ «دېگىنكى، ئۇ يېگانە ئاللاھتۇر»، قاراڭ قۇرئانى كەرىم، ئىخلاس سۈرىسى 112 / 1)

② سۇبھانالLاھ ــــ «ئاللاھنى ھەر تۈرلۈك كەمتۈكلۈكلەردىن پاك تۇتىمەن» مەنىسىدىكى بىر زىكىر. بۈيۈك مەلەكلەرنىڭ تەسبىھىدۇر.

③ ۋىرد ــــ مۇئەييەن ۋاقىتتا ئوقۇلۇشى ئادەت بولغان دۇئا ياكى سۆزلەر.

④ بىرۇ بار ــــ بىر ۋە بار. يەنى ئاللاھ.

ئەللىك ئۈچدە ۋەھدەت [1] مەيدىن روزى [2] قىلدى،
يولدىن ئازغان گۇمراھ ئىدىم يولغە سالدى،
«ئاللاھ» دېدىم، «لەببەيك!»[3] دېبان قولۇم ئالدى،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك تۆرتدە ۋۇجۇدلارىم نالان قىلدىم،
مەئرىفەتنى مەيداندا جەۋلان قىلدىم،
ئىسمائىلدەك ئەزىز جانىم قۇربان قىلدىم،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك بەشتە دىدار ئۈچۈن گەدا بولدۇم،
كۆيدۇم، ياندىم، گۇلدەك تاكى فەنا[4] بولدۇم،
بىھەمدۇللاھ، دىدار ئىزلەپ ئەدا بولدۇم،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك ئالتى ياشقا يەتتى مۇڭلۇغ باشىم،
تەۋبە قىلدىم ئاقارمۇكىن كۆزدە ياشىم،
ئەرەنلەردىن بەھرە ئالماي كۆڭلى تاشىم،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك يەتتى ياشدە ئۇمرۇم يەلدەك ئۆتتى،
ئايا دوستلار، ئامالسىزمەن، باشىم قاتتى،

---

① ۋەھدەت ــ بىرلىك، تاقلىق، يىگانىلىق؛ ئاللاھنى بىر ۋە مۇتـ-لەق بىلمەك؛ ھەممە نەرسىنى بىر قىلىپ ۋە بىر ئىچىدە كۆرۈش.

② روزى ــ نېسۋە، قىسمەت.

③ لەببەيك ــ «خوش، يوليورۇق بېرىڭ، بۇيرۇق بېرىڭ» مەنىسىدە.

④ فەنا ــ يوقلۇق، يوق بولۇش؛ ئۆز بارلىقىدىن ۋاز كېچىش.

بىھەمدۇللاھ، پىرى مۇغان قولۇم تۇتتى،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك سەككىز ياشقا كىردىم مەن بىخەبەر،
قەھھار [1] ئىگەم، نەفسىمنى قىل زىرۇ زەبەر [2]،
ھىممەت بەرسەڭ، شۇم نەفسىمگە ئۇرسام تەبەر [3]،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئەللىك توققۇز ياشقە يەتتىم دادۇ فەرياد،
جان بىرۇردە جانانىمنى قىلمادىم ياد،
نە يۈز بىرلە ساڭا ئايتاي قىلغىل ئازاد،
بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

كۆزۈم يۇمۇپ تا ئاچقۇچە يەتتى ئاتمىش،
بىلمىم باغلاپ مەن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش،
كېچە - كۈندۈز بىغەم يۈردۈم مەن يازۇ قىش،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئاتمىش بىردە شەرمەندەمەن گۇناھىمدىن،
ئايا دوستلار، كۆپ قورقامەن ئىلاھىمدىن،
جاندىن كېچىپ پەناھ تىلەي خۇدايىمدىن،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

---

① قەھھار ــ قاتتىق غەزەپ قىلغۇچى.
② زىرۇ زەبەر ــ ئاستىن - ئۇستۈن.
③ تەبەر ــ پالتا، دەرۋىشلەرنىڭ زىكىر ئەسناسىدا ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ئاي پالتىسى.

ئاتمىش ئىككى ياشدە ئەللاھ پەرتەۋ سالدى،
باشتىن ئاياغ غەفلەتلەرىم رەھا[1] قىلدى،
جانىم، دىلىم، ئەقلىم، ھۇشۇم «ئاللاھ» دىدى،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

ئاتمىش ئۈچدە نىدا كەلدى: قۇل يەرگە كىر،
ھەم جانىڭمەن، جانانىڭمەن، جانىڭنى بەر،
ھۇ[2] شەمشىرىن قولغا ئالىپ نەفسىڭنى قىر،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

قۇل خوجا ئەھمەد، نەفسنى تەپتىم، نەفسنى تەپتىم،
ئاندىن سوڭرە جانانىمنى ئىزلەپ تاپتىم،
ئۆلمەس بۇرۇن جان بەرمەكنى دەردىن تاتتىم،
بىرۇ بارىم دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟



---

① رەھا ــ قويۇپ بېرىلگەن، بوشىتىلغان، ئېلىپ تاشلانغان.
② ھۇ ــ «ئۇ»، ئاللاھ، سوپىلار بۇنى تەڭرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىسمى شەكلىدە قوبۇل قىلىشىدۇ.

# 8 ـ ھېكمەت

سۇبھى سادىق دۇشەنبە كۈن يەرگە كىردىم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.
ئاتمىش ئۈچتە سۈننەت دېدى، ئاڭلاپ بىلدىم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئۈستىدە يارانلارىم ماتەم تۇتتى،
پۈتۈن ئالەم «سۇلتانىم» دەپ نەرە تارتتى،
ھەقنى تاپقان چىن سوفىلار قانلار يۇتتى،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئەلۋىدا دەپ يەر ئاستىغا قەدەم قويدۇم،
يارۇق دۇنيا ھەرام قىلىپ ھەقنى سۆيدۇم،
زىكرىن ئايتىپ يالغۇز بولۇپ يالغۇز كۆيدۇم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

«تاھا» [1] ئوقۇپ تۈن كېچىلەر قائىم [2] بولدۇم،
كېچە ناماز، كۈندۈزلەرى سائىم[3] بولدۇم،

---

① تاھا ــــ تاھا سۈرىسى.
② قائىم ــــ ئۆرە تۇرغان؛ ناماز قىلىۋاتقان، دائىما ئۆزىنى ھەقنىڭ ھۇزۇرىدا بىلىپ ھازىر تۇرىدىغان؛ كېچىسىمۇ ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان.
③ سائىم ــــ روزا تۇتقۇچى (كىشى).

بۇ هال بىرلە يەر ئاستىدا دائىم بولدۇم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئاتمىش كېچە ـ ئاتمىش كۈندۈز بىر يول تەئام،
تاڭ ئاتقۇچە نەماز ئوقۇپ بىر يول سەلام،
ئاتمىش ئۈچتە بولدى ئۇمرۇم ئاخىر تەمام،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ھەق مۇستەفا روھى كېلىپ بولدى ئىمام،
جۈملە مەلەك يەر ئاستىدا بولدى غۇلام،
كۆپ يىغلادىم، ھەق مۇستەفا بەردى ئىنئام،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

مىئراج تۈنى، نۇرى دىيدەم [1] ، فەرزەند دېدى،
قولۇم تۇتۇپ «ئۈممەتىمسەن» ئۈممەت دېدى،
«سۈننەتىمنى مەھكەم تۇتقىن» دىلبەند [2] دېدى،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

قىيامەتتە يول ئاداشساڭ يولغا سالاي،
مۇھەممەد دەپ تەشنا بولساڭ، قولۇڭ ئالاي،
فەرزەنتىمدەك ئىلكىڭ تۇتۇپ جەننەت كىرەي،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئەي يارانلار، بۇ سۆز ئىشتىپ شەۋقىم ئارتدى،
«ئۈممەت» دېدى ئىچۇ تاشىم نۇرغا پاتدى،

---

① نۇرى دىيدەم ـــ كۆزۈمنىڭ نۇرى.
② دىلبەند ـــ كۆڭۈلداش، كۆڭۈل بېغى بىر بولغانلار.

پەرتەۋ[1] سالىپ دىدارىنى ھەق كۆرسەتتى،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

دىدار كۆرۈپ روھۇم ئۇچۇپ ئەرشكە قوندى،
مۇسا سىفەت ۋۇجۇدلارىم كۆيۈپ ياندى،
مەجنۇن سىفەت خەيلۇ خىشدىن قاچىپ تاندى،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىدا خارلىق تارتىپ كۆپ مۇشەققەت،
تۆشەك ـ ياستۇق تاشتىن قىلىپ، چەكتىم مىھنەت،
ئەي يارانلار بۇ دۇنيادا يوق فەراغەت،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

تا مۇشەققەت تارتماغۇنچە ۋەسلى قايدا،
خىزمەت قىلماي دەردى ھالەت بولماس پەيدا،
جانۇ دىلنى تا قىلماساڭ ھەققە شەيدا،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىغە كىردىم ئىبرسە بىخۇد بولدۇم،
كۆزۈم ئاچىپ مۇستەفانى ھازىر كۆردۈم.
ئاسىي ـ جافىي ئۈممەتلەرنى ھالىن سوردۇم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئايا فەرزەند مەندىن سورساڭ قانى ئۈممەت،
ئۈممەت دېدى كۆكسۈم تولا داغى ھەسرەت،
ئۈممەت ئۈچۈن كۆپ تارتتامەن ھەقتىن كۈلپەت،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

---

① پەرتەۋ — نۇر، يورۇقلۇق؛ نۇرلانماق.

ئۈممەتلەرىم يازۇقلارىن ھەر جۇمئە كەچ،
ئالىپ كەلگەي، يا مۇھەممەد، سەن مەنۇ چەچ،
تاكى يىغلاپ سەجدە قىلاي تەڭرىگە كەچ،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ھەر جۇمئە كەچ ئۈممەتلەرىنىڭ گۇناھىنى،
ئالىپ كەلگەي، يا مۇھەممەد، كۆرگىل بۇنى،
ئۈممەتلەرىڭ نەلەر قىلار ئەھمەد سىنى،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

مەن مەلەكدىن شەرم ① ئالۇرمەن، ئەي ئۈممەتىم،
ياراتقاندىن قورقماسمۇسەن پەست ھىممەتىم،
كېچە ياتماي تائەت قىلساڭ خۇش دەۋلەتىم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىغە كىردىم دوستلار بىئىختىيار،
ئامىن دەگىلەر ئالۇ ئەسھاب ھەم چەھاريار،
ئۈممەتلەرنى جۇرمىن كەچگىل پەرۋەردىگار،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد، مەن دەفتەرى سانى ئايتدىم،
ئىككى ئالەم ئىشرەتلەرىن مەيگە ساتتىم،
ئۆلمەس بۇرۇن جان ئاچچىغىن زەھرىن تاتتىم،
مۇستەفاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

---

① شەرم ـــ خىجىل بولماق، ئۇياتماق.

# 9 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، ھەسبى ھالىم بەيان ئەيلەي،
نە سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.
چىن دەردلىككە بۇ سۆزلەرنى ئەيان ئەيلەي،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

گۆر ئىچىندە كېچە ـ كۈندۈز تائەت قىلدىم،
تەتەۋۋۇ ① نەماز ئوقۇپ ئادەت قىلدىم،
ھەرنە جەفا تەگسە ئاڭا تاقەت قىلدىم،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

گۆر ئىچىندە مۇستەفانى ھازىر كۆردۈم،
سەلام قىلىپ ئەدەب بىرلە بىخۇد تۇردۇم،
ئاسىي ـ جافىي ئۇممەتلەرنى ھالىن سوردۇم،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

گۆرگە كىرمەك رەسۇلۇللاھ سۈننەتلەرى،
تائەت قىلماق ھەق رەسۇلنى ئادەتلەرى،
غەرىبلەرغە رەھىم قىلماق شەفقەتلەرى،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

---

① تەتەۋۋۇ ــ پەرزلەرنىڭ سىرتىدا قالغان، نەفلە ناماز.

ئۇممەت بولساڭ كىچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلا،
باغرىڭ پىشىپ، ئۆپكەڭ تېشىپ يۈرەك داغلا،
ئەجەل كەلسە مەردانەۋار ① بېلىڭ باغلا،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

بىر كۈن سېنى ئۇمرۇڭ بەرگى بولغاي خەزان،
ئەجەل كەلمەي تەۋبە قىلغىل، ئايا نادان،
شايەد ساڭا رەھم ئەيلەگەي ئىزىم يەزدان،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

چىن دەردلىكنى ئىشى ئىبرۇر سوزۇ گۇداز،
كۆز ياشىدۇر ھەق قاشىدا تۇھفە نىياز،
كېچە ـ كۈندۈز تىنماي قىلغىل روزۇ نەماز،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

ئايا فەرزەند، ئۇممەتلەرنى دەردى ئۆرتەر،
فىسقى فۇجۇر گۇناھلارى تاغدىن ئارتار،
دىنىنى قويۇپ، دۇنيا مالىن ئۆزگە تارتار،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

قۇل خوجا ئەھمەد، تەكبىر ئايتىپ سۆھبەت باشلا،
ھايۇ ھەۋەس مەنمەنلىكنى يىراق تاشلا،
سەھەرلەردە چارزەب ② ئۇرۇپ تىنماي ئىشلە،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ گۆرگە كىردىم.

---

② مەردانەۋار ــــ مەردلەرچە.
② چارزەپ ــــ چەھار زەرب، تۆتنى ئۇرۇش؛ چاچراپ تۇرماق.

## 10 ـ ھېكمەت

ھەق تەئالا فەزلى بىرلە فەرمان قىلدى،
ئاڭلاپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خاجە ئەھمەد.
ئاتمىش ئۈچدە سۈننەتلەرنى مەھكەم تۇتۇپ،
ئىشتىپ ـ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

يەر ئۈستىدە ئۆلمەس بۇرۇن تىرىك ئۆلدۈم،
ئاتمىش ئۈچتە سۈننەت دېدى ئىشتىپ بىلدىم،
يەر ئاستىدا جانىم بىرلە قۇللۇق قىلدىم،
ئىشتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئەرەنلەردىن فەيزۇ فۇتۇھ [1] ئالالمادىم،
يۈز يىگىرمە بەشكە كىردىم بىلەلمەدىم،
ھەق تەئالا تائەتلەرىن قىلالمادىم،
ئىشتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

بولغايمەنمۇ مۇھەممەدنى خاس ئۈممەتى،
ئۈممەت دېسە ئاسىيلارنى خۇش دەۋلەتى،
بالدىن تاتلىغ ئىبرۇر ماڭا بۇ مېھنەتى،
ئىشتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

① فەيزۇ فۇتۇھ — ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ روناق تېپىشى.

بىزلەر ئۈچۈن جانلار چەكتى ئول مۇھەممەد،
ئۈممەت بولساڭ غەم يېمەسسەن يالغان ئۇممەت،
كېچە - كۈندۈز قىلغانلارنىڭ ئەيشۇ ئىشرەت؛
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئەللىك ياشتا نىدا كەلدى ئۆلمەك ئاسان،
شەرتى شۇدۇر سەندە بولسا نۇرى ئىمان،
تاڭلا بارساڭ دىدارىغا قىلۇر مېھمان،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئەي مۆئمىنلەر بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق،
توغرا بىلسەڭ ھەرگىز بۇنىڭ يالغانى يوق،
كىم بىلمەسە ۋەللاھ ئۇنىڭ ئىمانى يوق،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئەسلىم تۇفراق، نەسلىم تۇفراق بارچەدىن خار،
باسىپ ئۆتسەڭ مۇردار جىسمىم قىلغۇسى ئار،
كىم ئار ئەتسە شەيتان قەۋمى ھەۋاسى بار،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

چىن زاكىرگە [1] خۇدا ئۆزى قىلدى رەھمەت،
تاڭلا بارسا جەننەت ئىچرە بىرۇر خىلئەت [2]،
روزى مەھشەر دىدار كۆرۈپ سۈرگەي دەۋلەت،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

---

① زاكىر ــ زىكىر قىلغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياد قىلغۇچى، ئەسلەپ تۇرغۇچى.

② خىلئەت ــ شەرەپ تونى، ئىنئام قىلىنغان تون .

بەندە بولساڭ مېھنەت تارتقىل غاپىل ئادەم،
ئاقىل بولساڭ غەنىمەتدۇر ساڭا شۇدەم،
ئەمانەتدۇر ئەزىز جانىڭ، يۈرمە بىغەم،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئاتمىش ئۈچدە سۇننەت بولدى يەرگە كىرمەك،
رەسۇل ئۈچۈن ئىككى ئالەم بەرباد بەرمەك،
ئاشىقلارنى سۇننەتدۇر تىرىك ئۆلمەك،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

ئۈممەت بولساڭ ئىشتىپ جانىڭ بەرمەسمۇسەن،
مۇستەفاغە جانىڭ قۇربان قىلماسمۇسەن،
جان نە بولغاي ئىمانىڭنى بەرمەسمۇسەن،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

قۇل خوجا ئەھمەد ئاتمىش ئۈچتە غايىب بولدى،
ئەدەب ساقلاپ مۇستەفاغە نائىب بولدى،
سۇلتان بولدى مېھنەت چېكىپ، تەيىپ[1] بولدى،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.

① تەيىب ـــ پاك.

# 11 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، پاك ئىشقنى قولغا ئالدىم،
بۇ دۇنيانى دۈشمەن تۇتۇپ يۈردۈم مانا.
ياقام تۇتۇپ ھەزرەتىگە سىغىنىپ كەلدىم،
ئىشق بابىدا مەنسۇر سىفەت بولدۇم مانا،

ئىشق يولىدا ئاشىق بولۇپ مەنسۇر ئۆتتى،
بىلىن باغلاپ ھەق ئىشىنى مەھكەم تۇتتى،
مەلامەتلەر، ئەھانەتلەر كۆپ ئىشىتتى،
ئەي مۇئمىنلەر، مەن ھەم مەنسۇر بولدۇم مانا.

ئاشىق مەنسۇر «ئەنەل ھەق»نى تىلغە ئالدى،
جىبرىل كېلىپ «ئەنەل ھەق»نى بىرگە ئايتتى،
جىبرىل كېلىپ باشىڭ بەر دەپ يولغە سالدى،
دارغە ئاسىلىپ دىدارىنى كۆردۈم مانا.

مەنسۇر كەلگەچ دار ئېگىلىپ ئۆزى ئالدى،
باتىن كۆزى ئاچۇقلارى ھەيران قالدى،
پەرتەۋ سالىپ ئاللاھ ئۆزى نەزەر قىلدى،
ۋەشۇقىقا دەپ دىدارىنى كۆردۈم مانا.

نىدا كەلدى ئۇشال دارغا: «بەك بوغماغىل،
«مەھكەم تۇرغىل، ھەريان قاراپ سەن ئاغماغىل»،

تاشقا ئايتتى: «ئەمرىم تۇتۇپ سەن تەگمەگىل»،
لەۋھۇلمەھفۇز [1] تەختەسىدە كۆردۈم مانا.

ئۈچ يۈز موللا يىغلاپ بىتتى كۆپ رىۋايەت،
شەرىئەتدۇر مەن ھەم بىتەي بىر رىۋايەت،
تەرىقەتدە، ھەقىقەتدە ھەق ھىمايەت،
باشىم بېرىپ ھەق سىررىنى بىلدىم مانا.

«ئەنەل ھەق»نى مەئنەسىنى بىلمەس نادان،
دانا كېرەك بۇ يوللاردا پاكى مەردان،
ئاقىل قۇللار ھەق يادىنى ئايدى جانان،
جاندىن كېچىپ جانانەنى سەۋدىم مانا.

ئىما قىلدىم دانا بولسا مەئنە ئالسۇن،
قال ئىلمىدىن بىتىپ ئايدىم نىشان قالسۇن،
دۇررۇ گەۋھەر سۆزلەرىمنى ئىچگە سالسۇن،
ھالدىن ئايتىپ ئاشىقلارغا بەردىم مانا.

ئېگەسىز، مەنسۇر خارلىق بىرلە بولدى ئادا،
بىر سۆز بىرلە يارانلاردىن بولدى جۇدا،
ھالى دىلىن ھېچكىم بىلمەس تەڭرىم گۇۋاھ،
قانلار يۇتۇپ مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا.

شاھ مەنسۇرنى «ئەنەل ھەق»ى بىجا ئەمەس،
يولنى تاپقان بىزگە ئوخشاش گۇمراھ ئەمەس،

---

① لەۋھۇلمەھفۇز — ھەر خىل ئارتۇقلۇق ۋە نۇقسانلاردىن خالى بولغان لەۋھە: تەڭرى قۇدرىتى بىلەن بولغان ۋە بولىدىغان ھەرنەرسە يېزىلغان ئىلاھىي لەۋھە؛ سوپىلار ئۇچۇن ئېتقاندا كۆڭۈل.

ھەر ناجىنسلار بۇ سۆزلەردىن ئاگاھ ئەمەس،
ئاگاھ بولۇپ، بۇيى خۇدا ئالدىم مانا.

بىر تۈن سەھەر غەرىب مەنسۇر كۆپ يىغلادى،
پەرتەۋ ساچىپ ئاللاھ ئۆزى رەھىم ئەيلەدى،
ئاندىن سوڭرە چىلتەن باقىپ شەراب بەردى،
دانالارغە بۇ سۆزلەرنى ئايدىم مانا.

نادانلارغا ئىسىت سۆزۈم، ھەيف ھېكمەت،
ئادەممەن، دەپ بىلىن باغلار قېنى ھېكمەت،
دۇنيا ئۆچۈن بىر - بىرىگە قىلماس شەفقەت،
زالىملارغا ئەسىر بولۇپ ئۆلدۈم مانا.

زالىملاردا ھەد نە بولغاي، بىزدە گۇناھ،
دەرۋىشلەرى خۇلقى مۇردار [1] ئۆتمەس دۇئا،
ئۇل سەبەبدىن پادشاھ قىلۇر بىزگە جەفا،
ئايەت، ھەدىس مەئنەسىدىن ئايدىم مانا.

زالىم ئەگەر قىلسا جەفا، ئاللاھ دېگىل،
قولۇڭ ئاچىپ دۇئا ئەيلەپ بويۇن ئەگكىل،
ھەق دادىڭگە يەتمەس بولسا گىلە قىلغىل،
ھەقدىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئايدىم مانا.

زالىم ئەگەر زۇلۇم ئەيلەسە ماڭا يىغلا،
ياشلىڭ ساچىپ ماڭا سىغىنىپ بېلىڭ باغلا،

---

[1] مۇردار — كىر، پاسكىنا؛ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ۋە ئۇسۇللىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە سويۇلمىغان ھايۋان.

ھەرام شۇبھە تەرك ئېتىبان يۈرەك داغلا،
زالىملارگە يۈزىملىك بەلا بەردىم مانا.

زالىملارنى قۇربى نەدۇر مەن ياراتقان،
ياراتقاننى مەنزۇر قىلماي سەن ئۇنۇتقان،
مەندىن كېچىپ زالىملارنى قولىن تۇتقان،
زالىملارگە ئۆزۈم رىۋاج بەردىم مانا.

ساڭا جەزا ياراتقانغا يالبارمادىڭ،
ئاللاھ دېبان تۈنلەر تۇرۇپ ئىڭرانمادىڭ
ھەقىقەتدىن سۆزلەر ئايدىم ئىشتمەدىڭ،
زالىملارنى ئىلكىن ئۈزۈن قىلدىم مانا.

ئەي بىخەبەر ھەققە كۆڭۈل يۈگۈرتمەدىڭ،
دۇنيا ھەرام، ئاندىن كۆڭۈل ساۋۇتمادىڭ،
نەفسدىن كېچىپ ئاللاھ سارى تولغانمادىڭ،
بۇ نەفس ئۈچۈن زارۇ ھەيران بولدۇم مانا.

زالىملارنى شكۋە [1] قىلما زالىم ئۆزۈڭ،
خۇيۇڭ رىيا تەئسىر قىلماس خەلقە سۆزۈڭ،
دۇنيا مالىن تولا بەردىم تويماس كۆزۈڭ،
ھارىسلار[2]نى سىججىن ئىچرە سالدىم مانا.

لەئلى لەبى جۇنبۇش قىلىپ ئايدى سېنى،
جانۇ دىلىم ئۈممەتلەرىم كۆز رەۋشەنى،

① شىكۋە ـــ شىكايەت.
② ھارىس ـــ تويماس، ئاچكۆز.

ھەققە قۇللۇق، ماڭا ئۇممەت بولغان قانى؟
چىن ئۇممەتنى سىنەسىگە قويدۇم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد ھەق سۆزىنى سۆزلەپ ئۆتتى،
«ئەينەل ـ يەقىن» [1] تەرىقەتتە بوزلاپ ئۆتتى،
«ئىلمەل ـ يەقىن» [2] شەرىئەتنى كۆزلەپ ئۆتتى،
«ھەققەل ـ يەقىن» [3] ھەقىقەتدىن ئايدىم مانا.



① ئەينەل ـ يەقىن ـــ كۆزى بىلەن كۆرگەندەك، نېمە ئىكەنلىكىنى مۇقەررەر بىلمەك.

② ئىلمەل ـ يەقىن ـــ مۇتلەق قولغا كەلتۈرەلىگەن مەلۇمات، بىلىم.

③ ھەققەل ـ يەقىن ـــ توغرىلىقىدا شۇبھە بولمىغان بىلىم، مەلۇمات.

## 12 ـ ھېكمەت

تەئالەللاھ، ئاشىقلارغا بەردى ئىشقىن
شاكىر بولۇپ ئۆرتەپ يانىپ كۆيدۇم مانا،
ئىككى ئالەم كۆزلەرىمگە خەشخاش دانە،
كۆرۈنمەدى، يالغۇز ھەقنى سۆيدۇم مانا.

جاندىن كېچىپ، يالغۇز ھەقنى جانغا قوشتۇم،
ئاندىن سوڭرە دەريا بولۇپ تولۇپ تاشتىم،
لامەكاننى سەيلە قىلىپ مەقام ئاشتىم،
دۇنيا ئۇقبىن يۈزمىڭ تەلاق قويدۇم مانا.

ھەق ئالدىدا ئەقلى كامىل دەم ئۇرالماس،
ئىشق شىددەتى تۇغيان قىلسا بىردەم تۇرماس،
پەرۋانەدەك كۆرمەس بولۇپ ئۆزىن بىلمەس،
بۇ سىرلارنى جانانەدىن تۇيدۇم مانا.

تەرىقەتنىڭ يوللارىنىڭ ئۇقباسى كۆپ،
پاك ئىشقنى قولغا ئالماي بولماس يۈرۈپ،
دىدارىنى كۆرسە بولماس كۈن ـ تۈن ئۇيۇپ،
ھېچ ئۇخلىماي دىدارىنى كۆردۇم مانا.

تەرىقەتنىڭ يولى قاتتىق تۇرفە شاشتىم[1] ،
باشىم قاتتى پىرى مۇغان سارى قاچتىم،

---

[1] تۇرفە شاشتىم ــ بەكلا ھەيران قالدىم. ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. تۇرفە ــ كۆرۈلۈپ باقمىغان، غەلىتە. شاشماق ــ ھەيران قالماق.

پىر ئىتەگىن تۇتۇپ باتىن [1] كۆزنى ئاچتىم،
رەسۋا بولۇپ يوللار كېزىپ يۈردۈم مانا.

تەرىقەتنىڭ يوللىرىدۇر قاتتىق ئەزاب
بۇ يوللاردا نەچچە ئاشىق بولدى تۇراب،
ئىشق يولىغا ھەركىم كىرسە ھالى خەراب،
ئەرەنلەردىن يولنى سوراپ يۈردۈم مانا.

تەرىقەتنىڭ يوللىرىدۇر تۇرفە ئۇلۇغ،
روزى قىلغان بەندەسىگە بولغاي ياۋۇغ،
ئۇچقۇنىغە تاقەت قىلماس يەتتە تامۇغ [2]،
ئەي يارانلار، ئەزىز جاندىن تويدۇم مانا.

ھەقىقەتنىڭ مەئنەسىگە يەتكەن كىشى،
بىخۇد بولۇپ كۆيۈپ يانار ئىچى ـ تاشى،
قانلار ئاقار كۆزلەرىدىن ئاققان ياشى،
كۆز ياشىمنى تۆھفە قىلىپ باردىم مانا.

شەرىئەتدۇر ئاشىقلارنىڭ ئەفسانەسى،
ئارىف ئاشىق تەرىقەتنىڭ دۇردانەسى،
قايدا بارسا جانانەسى، ھەمخانەسى،
بۇ سىرلارنى ئەرش ئۈستىدە كۆردۈم مانا.

مۇھەببەتنى باغىن كەزمەي ئاشىق بولماس،
خارلىق ـ زارلىق تاتماغۇنچە نەفسىڭ ئۆلمەس،

① باتىن ــ ئىچ، ئىچ يۈزى، ئىچ ھەقىقەت؛ سىر، مەخپىي، كۆرۈنـ-
مەيدىغان، روھ، كۆڭۈل، ۋىجدان...
② تامۇغ ــ جەھەننەم، دوزاق.

بىر قەترەگە قانىئ بولماي ئۇل دۇر بولماس،
قانىئ بولۇپ خاس گەۋھەرنى ئالدىم مانا.

ئىشق ئوتىدا كۆيگەن ئاشىق رەڭگى ئۆچەر،
ئۇقبا سارى [1] جەدەل قىلىپ مۇندىن كۆچەر،
مۇندا بولغان چىگىشلەرنى ئاندا ئاچار،
رەسۇل دۇنيا جىفە[2] دېدى قويدۇم مانا.

ھەقىقەتلىك ئاشىقلارنى رەڭگى سۇنۇق،
ئايىنەگە نەزەر قىلسا ئاندىن تانۇق،
ئۆزى ھەيران، كۆڭلى ۋەيران، كۆزى ياشلۇق،
قۇدرەتىگە ھەيران بولۇپ قالدىم مانا.

ئاللاھ ئايتتى: كۆپ يىغلاساڭ كۆرگۈڭ مېنى،
زارى قىلساڭ، بەندەم دېبان ئايتقۇم سېنى،
جاندىن كېچىپ مېنى ئىستەر ئاشىق قېنى؟
ئىلھام كەلدى چىن قۇلاققا ئالدىم مانا.

چىن كۆڭۈلدە كۆيگەنلەرگە دىدار ئەتا،
يالغان ئاشىق يولغا كىرسە ھەممە خەتا.
چىن ئاشىقنىڭ كۆزى ياشلىق، قەددى دۇتا[3]،
دۇتا بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

ھەقىقەتلىك چىن ئاشىققا تۆھفە بىرەي،
مەھشەر كۈنى نېچۈكسەن دەپ ھالىڭ سوراي،

---

① ئۇقبا سارى — ئاخىرەتكە قاراپ.
② جىفە — پاسكىنا.
③ دۇتا — ئېگىك، ئېگىلگەن.

شەفئ بولۇپ شەفائەتنى ئۆزۈم قىلاي،
رەھمەتىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد، ھەق زىكرىنى ئايتقىن دەۋام،
ھەقدىن قورقۇپ تىنماي يىغلا ئەلەدداۋام،
نەماز ئوقۇپ روزا تۇتۇپ ھەر سۇبھۇ شام،
مۇنداق قىلىپ مۇرادىمغا يەتتىم مانا.

# 13 ـ ھېكمەت

ئول قادىرىم قۇدرەت بىرلە نەزەر قىلدى،
خۇررەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.
غەرىب بەندەڭ بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلدى،
مەھرەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

زاكىر بولۇپ، شاكىر [1] بولۇپ ھەقنى تاپتىم،
دۇنيا ئۇقبا ھەرام قىلىپ يەنچىپ تەپتىم،
شەيدا بولۇپ، رەسۋا بولۇپ جاندىن ئۆتتىم،
بىغەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

شۇملۇقۇمدىن تاغۇ تاشلار سۆكتى مېنى،
فەسىھ [2] تىلدە سۆكۈپ ئايىتتى: تۆھفەڭ قانى؟
ئاشىق بولساڭ ئەۋۋەل بارىپ ھەقنى تانى،
مەھرەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

سىزنى ــ بىزنى ھەق ياراتتى تائەت ئۈچۈن،
ئەيبۇل ـ ئەجەب ئىچمەك، يېمەك راھەت ئۈچۈن،
«قالۇ بەلا» دېدى رەھۇم مېھنەت ئۈچۈن،
ئەدھەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

---

① شاكىر ــ ئاللاھقا شۈكۈر قىلغۇچى.
② فەسىھ ــ ئوچۇق، ئېنىق؛ ئاشكارا.

نەفسىم مېنى كۆپ يۈگۈرتتى ھەققە باقماي،
كېچە ـ كۈندۈز بىغەم يۈردۈم ياشىم ئاقماي،
ھايۇ ھەۋەس، ماۋۇمەنلىك ئوتقا ياقماي،
پۈر غەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

قۇلنى كۆرسەم، قۇلى بولۇپ خىزمەت قىلسام،
تۇفراق سىفەت يول ئۈستىدە يولى بولسام،
ئاشىقلارنىڭ كۆيۈپ ئۆچكەن كۆلى بولسام،
ھەمدەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

جاندىن كېچىپ مېھنەت تارتتىم، بەندەم دېدى،
قانلار يۇتۇپ «ئاللاھ» دېدىم، رەھىم ئەيلەدى،
دوزاخ ئىچرە قالماسۇن دەپ غەمىم يېدى،
خۇررەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

ياشىم يەتتى ئاتمىش ئۈچكە بىر كۈنچە يوق،
ۋا دەرىغا، ھەقنى تاپماي كۆڭلۈم سىنۇق،
يەر ئۈستىدە سۇلتانىمەن دەپ بولدۇم ئۇلۇق،
شاكىر بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

شەيخمەن دېبان دەئۋا قىلىپ يولدا قالدىم،
فەشۇ دەستار[1] پۈچەك پۇلغا ساتىپ كەلدىم،
نەفسۇ ھەۋا تۇغيان[2] قىلدى ھارىپ قالدىم،
بىدەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

باشىم تۇپراق، ئۆزۈم تۇپراق، جىسمىم تۇپراق،
ھەق ۋەسلىگە يېتەرمەن دەپ روھۇم مۇشتاق،

---

① فەشۇ دەستار ــ تۇماق ۋە سەللە.
② تۇغيان ــ ھاياجانلانماق، تېشىپ كەتمەك.

كۆيدۈم، ياندىم بولالمادىم ھەرگىز ئاپئاق،
شەبنەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

قول خوجا ئەھمەد، ناسىھ بولساڭ ئۆزۈڭگە بول،
ئاشىق بولساڭ جاندىن كېچىپ بىر يولى ئۆل،
نادانلارغا ئايتساڭ سۆزۈڭ قىلماس قەبۇل،
مەھكەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

# 14 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، نادان بىرلە ئۈلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ جاندىن تويۇپ ئۆلدۈم مانا،
توغرا ئايتسام ئەگرى يولغا بويۇن تولغاپ،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىگە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سۇفەر،
نادان بولسە دوزاخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر،
نادان بىرلە دوزاخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان ياڭلىغ سولدۇم مانا.

دۇئا قىلىڭ، نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي،
ھەق تەئالا رەفىق بولسا بىردەم تۇرماي،
بىمار بولسا نادانلارنىڭ ھالىن سورماي،
نادانلاردىن يۈزمىڭ جەفا كۆردۈم مانا.

داد ئەيلەسەم ھەق دادىمغا يېتەرمىكىن؟
كۆكسۈمدىكى زەنگەرلەرىم كېتەرمىكىن؟
ھەممە نادان بۇ ئالەمدىن كېتەرمىكىن؟
نادانلاردىن يۈزمىڭ جەفا كۆردۈم مانا.

ھەق ۋەسلىنى ئىزلەپ تاپماي ھەيرانەمەن،
تىنماي يىغلاپ كۆڭلى خەراب دىۋانەمەن،

هالىم سورساڭ مەن تالىبى جانانەمەن،
جانان ئىزلەپ فەنا بولۇپ كەلدىم مانا.

يەر ئاستىغا قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن،
غەرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

نادانلارنى مەندىن سورما كۆكسۈم چاقا،
هەقدىن قورقۇپ ماتەم تۇتسام كۈلەر قاھ ـ قاھ،
ئاغزى ئاچۇق، نەفسى يوغان مىسلى لاققا،
نادانلاردىن قورقۇپ ساڭا كەلدىم مانا.

تەمەئ قىلما نادانلاردىن، قەدرىڭ بىلمەس،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشساڭ يولغا سالماس،
بوينۇڭ قىسىپ زارى قىلساڭ قولۇڭ ئالماس،
نادانلارنى شىكۆە ئەيلەپ كەلدىم مانا.

ئەۋۋەل ـ ئاخىر خوبلار كەتتى قالدىم يالغۇز،
نادانلاردىن ئىشىتمەدىم بىر ياخشى سۆز،
دانا كەتتى، نادان قالدى، چەكتىم ئەفسۇس،
يولنى تاپماي هەيران بولۇپ قالدىم مانا.

داغى هىجران ئەزدى باغرىم قىنى دەردمەند،
دانا تۇفراق، نادانلارنىڭ كۆكسى بەلەند،
ئايەت، هەدىس بەيان قىلسام، قىلماس پىسەند،
كۆكسۈم تىشىلىپ دەردۇ غەمگە تولدۇم مانا.

دەردۇ ھالەت تۇغيان قىلدى بارمۇ تەبىب،
ئەرزۇ ھالىم ساڭا ئايتاي يالغۇز ھەبىب،
بارچە تالىب ئۆلۈش ئالدى مەن بىنەسىب،
ئۆلۈش ئىستەپ دۇتا بولۇپ كەلدىم مانا.

خانەمانىڭ تەرك ئەيلەبان ئۆلۈش ئالغىل،
ئەي بىخەبەر، دۇنيا ئىشىن ئارتقا سالغىل،
ئالLاھ سەخى لۇتفىن كۆرۈپ ھەيران قالغىل،
كۆرەرمەن دەپ فەنا بولۇپ كەلدىم مانا.

مەن دەفتەرى سانى ئايتدىم سىزگە يادگار،
ئەرۋاھىمدىن مەدەد تىلەپ ئوقۇڭ زىنھار،
دۇئا قىلاي ۋاسىل قىلسۇن پەرۋەردىگار،
رەھمان ئىگەم، ئەرز ئەتكەلى كەلدىم مانا.

ھېكمەتىمدىن بەھرە ئالغان كۆزگە سۈرتسۇن،
ئىخلاس بىرلە كۆزگە سۈرتۈپ دىدار كۆرسۇن،
شەرتى ئولدۇر رىيازەتكە بويۇن سۇنسۇن،
جانلار كېچىپ جانانەنى كۆردۈم مانا.

دىدار ئۈچۈن گەدا بولدۇم، ئەمىن دەڭلەر،
ئەي تەبىبلەر، ھالىم كۆرۈپ، غەمىم يەڭلەر،
يولدا قالغان قۇل ئەھمەدكە يول بېرىڭلەر،
يولنى ئىزلەپ گەدا بولۇپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد گەدا بولساڭ ھەققە بولغىل،
باشىڭ بىرلە ئەرەنلەرگە خىزمەت قىلغىل،
نەزەر تاپساڭ ھەلقە قۇرۇپ سۆھبەت قىلغىل،
ھەلقە ئىچرە ئاگاھ بولۇپ تۇردۇم مانا.

# 15 ـ ھېكمەت

«فەزكۇرۇللاھ كەسرەن[1] » دەپ ئايەت كەلدى،
زىكرىن ئايتىپ زارى قىلىپ يۈردۈم مانا.
دىدارىنى ئاشىقلارغا ۋەئدە قىلدى،
ئىشق يولىدا جانىم بېرىپ يۈردۈم مانا.

چىن ئاشىقنى ئاللاھ سۆيۈپ بەندەم دېدى،
ئارا يولدا قالماسۇن دەپ غەمىن يېدى،
يالغانچىلار دىدارىمنى كۆرمەس دېدى،
ئىشق بابىدا مەھكەم بولۇپ تۇردۇم مانا.

ئاقىل بولساڭ قەبرىستاندىن خەبەر ئالغىل
مەن ھەم شۇنداق بولۇرمەن دەپ ئىبرەت ئالغىل
«مۇتۇ قەبلەت تەمۇتۇ»[2]غە ئەمەل قىلغىل،
بۇ ھەدىسنى فىكر ئەيلەبان ئۆلدۈم مانا.

---

① فەزكۇرۇللاھ كەسرەن ــ ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار.

② مۇتۇ قەبلەت تەمۇتۇ ــ ئۆلمەستىن ئۆلۈڭلەر، يەنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆلۈڭلەر، پەلسەپۋى مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان بۇ سۆز سوپىزىمنىڭ ئۇل پەلسەپىلىرىدىن بىرى. نەپسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

خەبەر بېرۇر «فەئل يەزھەكۇ قەلىلەن»[1] دەپ،
يەنە ئايىتۇر «ۋەلە يەبكۇ كەسىرەن»[2] دەپ،
بۇ ئايەتنى مەئنەسىغە ئەمەل قىل دەپ،
بۇ دۇنيادا ھېچ كۈلمەيىن يۈردۇم مانا.

ئەمەلسىزلەر قاھ ـ قاھ كۈلۈر، خۇررەم يۈرۈر،
فەرمانىغا بويۇن ئەگكەن غەمكىن يۈرۈر،
كېچە ـ كۈندۈز دىيدەلەرى پۇر نەم يۈرۈر،
كۆز ياشىمنى دەريا قىلىپ يۈردۇم مانا.

نەفسىدىن كېچىپ چىن ئاشىقلار «ئاللاھ» دېدى،
سەھەر تۇرۇپ چارزەپ ئۇرۇپ كۆزىن ئۇيدى،
رەھىم ئەيلەبان ئاللاھ ئۆزى نەزەر سالدى،
ئاندىن سوڭرە دەريا بولۇپ تاشدىم مانا.

زالىم نەفسىم ھېچ قويماستىن ئوتقا سالدى،
ۋۇجۇدلارىم ئۆز ئۆزىدىن كۆيۈپ ياندى،
مۇشرىكلارنى ئىمانىنى شەيتان ئالدى،
«ئەئۇز بىللا بىسمىللاھ» دەپ يۈردۇم مانا.

مۇنافىقلار دوزاخ ئىچرە كۆيۈپ يانغاي،
ئىمان ئايتقان خالىس بولۇپ يانىپ چىققاي،
ئىمانسىزلار ئەۋۋەل ـ ئاخىر كۆيۈپ يانغاي،
ئوغانىمدىن ئىمان تىلەپ يۈردۇم مانا.

---

① فەئل يەزھەكۇ قەلىلەن ــ «ئاز كۈلۈڭلار...» (قاراڭ، «قۇرئانى كەرىم»، تەۋبە سۈرىسى، 9 / 82)

② ۋەلە يەبكۇ كەسىرەن ــ «كۆپ يىغلاڭلار...» (قاراڭ، «قۇرئانى كەرىم»، تەۋبە سۈرىسى، 9 / 82)

نەفسم مېنى ھەۋا قىلدى تارتا شاشتىم،
باشىم ئالىپ پىرى مۇغان سارى قاچتىم،
قۇل خوجا ئەھمەد ئۇقبالاردىن ئۆتۈپ ئاشتىم،
ئۇچار قۇشتەك لا مەكانغا ئاشتىم مانا.



# 16 ـ ھېكمەت

ۋادەرىغا، نېمە قىلغۇم غەرىبلىغدە،
غەرىبلىغدە، غۇربەت ئىچرە قالدىم مانا.
خۇراسانۇ شامۇ ئىراق نىيەت قىلىپ،
غەرىبلىغنى كۆپ قەدرىنى بىلدىم مانا.

نەلەر كەلسە كۆرمەك كېرەك ئول يەزداندىن،
يۇسۇفنى ئايرىدىلار ئول كەنئاندىن،
تۇغقان يېرىم ئول مۇبارەك تۈركستاندىن،
باغرىمغا تاشنى ئۇرۇپ كەلدىم مانا.

غۇربەت تەگدى مۇستەفادەك ئەرەنلەرگە،
ئوتتۇز ئۈچمىڭ سەھابە ھەم يارانلارغا،
ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان، مۇرتەزاغە،
غۇربەت تەگدى ئالارغا ھەم ئايغۇم مانا.

غۇربەت تەگسە پۇختا قىلۇر كۆپ خاملارنى،
دانا قىلۇر ھەم خاس قىلۇر كۆپ ئاملارنى،
كىيەر كىر تون، تاپسا يېيۇر تەئاملارنى،
ئانىڭ ئۈچۈن تۈركستانغا كەلدىم مانا.

غەرىبلىغدە يۈز يىل تۇرسە ئېرۇر مېھمان،
تەختى ـ بەختى بوستانلارنى ئېرۇر زىندان،

غەرىبلىقتا قۇل بولدى ئۇل مەھمۇد سۇلتان،
ئەي يارانلار، غۇربەت ئىچرە كۆيدۇم مانا.

غەرىبلىقتا ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى،
ھەر سىر كۆرۈپ پەردە بىرلە يۇكۇپ ياپتى،
«بىھەمدىللاھ، كۆردۇم» دېدى ئىزىم ئۆپتى،
ئۇشبۇ سىرنى كۆرۈپ، ھەيران قالدىم مانا.

ئارزۇلىقمەن قېرىنداشلىق ۋىلايەتكە،
ئۇلۇغ بابام رەۋزەسى ئۇل ئاق تۇربەتكە[1].
بابام روھى سالدى مېنى بۇ غۇربەتكە،
ھېچ بىلمەسمەن نېچۈك تەقسىر قىلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد سۆزلەگەنى ھەقنى يادى،
ئىشتمەگەن دوستلارىغا قالسۇن پەندى،
غۇربەتەنىپ ئۆز شەھرىگە قايتىپ ياندى،
تۈركستاندا مەزار بولۇپ قالدىم مانا.



① تۇربەت ـــ قەبرە، ئۇلۇغلار ياتقان مازار.

# 17 ـ هېكمەت

كۆڭۈل كۆزى يارۇتماستىن تائەت قىلسە،
دەرگاھىغا مەقبۇل ئەمەس، بىلدىم مانا.
ھەقىقەتدىن بۇ سۆزلەرنى پاك ئۆرگەنىپ،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

بىرۇ بارىم سەبەق بەردى پەردە ئاچىپ،
يەرۇ كۆكدە تۇرالمادى شەيتان قاچىپ،
ئىشرەت قىلىپ ۋەھدەت مەيىن تويا ئىچىپ،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئىشق مەقامى تۇرلۇك مەقام ئەقلىڭ يەتمەس،
باشدىن ئاياغ جەبرۇ جەفا مېھنەت كەتمەس،
مەلامەتلەر، ئەھانەتلەر قىلسە ئۆتمەس،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئىشق بەلاسى باشقە تۈشسە نالان قىلۇر،
ئەقلىڭ ئالىپ بىھۇش قىلىپ ھەيران قىلۇر،
كۆڭۈل كۆزى ئاچىلغان سوڭ گىريان[1] قىلۇر،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

---

① گىريان ـــ يىغلايدىغان، ياش تۆكىدىغان.

يىغلار ئىدىم سەھەر ۋەقتىدە نىدا كەلدى،
دىدارىمنى كۆرسەتەي دەپ ۋەئدە قىلدى،
ئەقلىم ئالىپ، بىھوُش قىلىپ، ئىشقىن سالدى،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

موُندا جەفا چەككەنلەرگە دىدارى تەخت،
روزى مەھشەر ئەتا قىلغاي ھەم تەختوُ بەخت،
ياراتقاندا قىلغان ئۆزى ئاشىققا ئەھد،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

چۆللەر كېزىپ، خەلقدىن بېزىپ، ئىشقىن سورغىل،
بەندە بولساڭ ھەقدىن قورقوُپ، يىغلاپ يوُرگىل،
دىدارىنى تەلەب قىلساڭ ھازىر بولغىل،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

كۆزلەرىمدىن قانلار تۆكوُپ ياد ئەتمەدىم،
يوُزىمىڭ توُرلوُك مىھنەت سالدىڭ، داد ئەتمەدىم،
سەندىن قورقوُپ خەستە كۆڭلوُم شاد ئەتمەدىم،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئاللاھ دەردى ساتقوُن ئەرمەس ساتىپ ئالساڭ،
پىرى موُغان خىزمەتىدە خاك بولماساڭ،
ھەق يولىغە كىرىپ بولماس پاك بولماساڭ،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئەي يارانلار، ئىشق دەردىگە دەۋا بولماس،
تا تىرىكسەن ئىشق دەفتەرى ئەدا بولماس،

تار لەھەتدە ئۇستخانى جۇدا بولماس،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئىشق پادىشاھ، ئاشىق فەقىر دەم ئالالماس،
ھەقدىن رۇخسەت بولماغۇنچە سۆزلەيەلمەس،
ھەق پەندىنى ئالغان دۇنيا ئىزلەيەلمەس،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد يەتتە ياشدە سەبەق ئالدىم،
سەككىزىمدە دۇنيا ئۇقبىن تالاق قىلدىم،
توققۇزۇمدا خۇدايىمنى ھازىر بىلدىم،
لامەكاندا ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.



## 18 ـ ھېكمەت

خۇش غەيبدىن يېتۇشتى ياخشى سۆزۈم تەبەررۇك،
ئاشىق بولساڭ، ئەي تالىب، رىيازەتدە بىلىك بۇك،
تۈن كېچەلەر ئۇخلىماي ياش ئورنىغا قانىڭ تۆك،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئارسلان بابام ئايدىلار: تالىبلاردە يوق ئىخلاس،
پىرىڭ ھازىر بولغاندا نەھاجەت خىزرۇ ئىلياس،
پىرگە قەدەم قويغاندا، يال ئايتما غەۋسۇل ـ غىياس،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

تالىبمەن دەپ ئايتۇرلار ۋەللاھ بىللاھ نائىنساف،
نامەھرەمگە باقارلار كۆزلەرىدە يوق ئىنساف،
كىشى مالىن يېيۇرلەر چۇن دىللارى ئەمەس ساف،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

پىر خىزمەتىن قىلدۇق دەپ، تالىبمەن دەپ يۇرۇرلەر،
يېيىشىپ ھەرام ھەرسىنى كولبارىغە ئۇرۇرلەر،
كۆزلەرىدە نەمى يوق، ھالقا ئىچرە كىرۇرلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

زاكىرمەن دەپ زار قىلۇر، چىقماس كۆزىدىن ياشى،
دىللارىدا غەمى يوق، ناگاھ ئاغرىغاي باشى،

مەكرۇ هيلە قىلۇرلار، مەئلۇم خۇداغە ئىشى،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك

تالىبمەن دەپ ئايتۇرلار، كۆڭلىدە يوق زەررە نۇر،
چىن تالىبنى سورساڭىز، ئىچى ـ تاشى گەۋھەر ـ دۇر،
ھەققە ئايان سىرلارى، يېمىشلەرى سەفا، نۇر،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

سۇرەتلەرى سوفىدەك قىيامەتدىن قورقماسلار،
فىسقۇ فۇجۇر ھاسىلى، گۇناھلاردىن ئۈركمەسلەر،
رىيا تەسبىھ قولىدا يىغلاپ ياشىن تۆكمەسلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

رىيا تەسبىھ قولىندا، زۇننار[1] ياخشى بىلسەڭىز،
ھەق رىزاسى بۇل تۇرۇر، ئىشق سەۋداسىن قىلساڭىز،
ئىشقىن ئالىپ مەھشەردە رەسۋا بولۇپ تۇرساڭىز،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئىشققا قەدەم قويغانلار ھەق دىدارىن كۆرەرلەر،
مۇسا كەبى مەھشەردە ھەقدىن سوئال سورارلار،
سەرمەست بولۇپ ۋەسلىدە ھۇ زىكرىنى قۇرارلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئىنشائاللاھ، ئىشتكەننى ھەقدىن تىلەپ ئالۇرمەن،
يولدىن ئالىپ، ھەق يولىغە سالۇرمەن،
مەدەد قىلسا مۇستەفا، گۇناھلارىن تىلەرمەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

---

① زۇننار ــــ خرىستيان پوپلارىنىڭ بەللىرىگە باغلايدىغان بەلباغ.

ئارسلان بابنى سورساڭىز، پەيغەمبەرگە ئېتىبار،
سەھابەلەر ئۇلۇغى، خاس بەندەئى كىردىگار[1]،
ياتقان يېرى نا ھەمۋار، بىر قازەئى خارۇ زار[2]،
ئارسلان بابام سۆزلەرىنى ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

چارشەنبە كۈن ئىشتىپ ناگاھ ھەزرەت باردىلار،
ئارسلان بابنىڭ ئۆيىگە ئۇل كۈن مېھمان بولدىلار،
ياتقان يېرى نا ھەمۋار، كۆرۈپ ھەيران قالدىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىنى ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئۇل مۇھەممەد مۇستەفا تۇرۇپ دۇئا قىلدىلار،
مەلائىكلەر ئامىن دەپ قولنى ئاچىپ تۇردىلار،
شۇنداق ئۇممەت بەردىڭ دەپ ھەق شۈكرىنى قىلدىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىنى ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

سەھابەلەر ئايدىلار: ئارسلان بابدۇر ئاتىڭىز،
ئەرەنلەرنىڭ ئۇلۇغى پاكىزەدۇر زاتىڭىز،
تەربىيەت تەن فەرز دېدى، پارچە سالىپ ياتتىڭىز،
ئارسلان بابام سۆزلەرىنى ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئاخىر زەمان ئۇممەتلەرى نەقش قىلۇر ئۆيلەرىن،
نەفسى ھەۋاغا سۆيۈنۈپ، بۇزار ھەردەم خۇيلارىن،
شانۇ شەۋكەتلەر بىرلە تىك تۇتارلار بويلارىن،
ئارسلان بابام سۆزلەرىنى ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

---

① كىردىگار ــــ مۇتلەق، شەكسىز پائالىيەتچان بولغان ئاللاھ.
② قازەئى خارۇزار ــــ تىكەنلىك ساتمىسى (كەپىسى).

ئاخىر زەمان ئۇممەتلەرى دۇنيا فانى بىلمەسلەر،
كەتكەنلەرنى كۆرۈبان ئۇندىن ئىبرەت ئالماسلار،
ئەرەنلەرنىڭ قىلغانىن كۆرۈپ كۆزگە ئىلماسلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ياخشى يوللاردىن ئازىپ يامان يولغا ئاۋۇشقان،
شەيتان لەئىن ① پىرىم دەپ دەرمانىگە ياپۇشقان،
ئەزازىلنى پىرىم دەپ ئەرتە ـ ئاخشام كۆرۈشكەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئىمان ئىسلامىن ئالىپ ئۆلمەيمەن دەپ كۆلۈشكەن،
ئۆلمەيمەن دەپ دۇنيادا مەۋلام بىرلە ئۇرۇشقان،
غافىللىق بىرلە ھەردەم ئۇمرىنى بەرباد بەرگەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ۋەقتى يەتسە ئەزرائىل ئەمانەتنى بەر دىگەي،
شەيتان لەئىن پىرىم دەپ جان بىرۇردە كۆرۈنگەي،
ئىمان ئىسلامىن ئالىپ ھالى دىلىن سورماغاي،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

تەۋبە قىلسا تەۋبەسىن مەۋلام قەبۇل قىلماغاي،
ئالالاھ دىسە، خاجەسى قولىن تۇتۇپ ئالماغاي،
جۇرمۇ ئىسيان گىرىبھىن پىرگە بارسا يەشمەگەي،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

يەتتە ياشتا ئارسلان باب تۈركستانغا كەلدىلەر،
باشىم قويۇپ يىغلادىم ھالىم كۆرۈپ كۈلدىلەر،

---

① شەيتان لەئىن ـــ لەنتى شەيتان.

مڭبىر زىكرىن ئۈرگەتىپ مېھرىبانلىغ قىلدىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

كەلام قىلدىم خۇرمادىن ماڭا ۋەھشەت قىلدىلار،
ئەي بىئەدەپ گۆدەك دەپ، ئەسا ئالىپ سۇردىلەر،
ۋەھشەتىدىن قورقمادىم ماڭا قاراپ تۇردىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئاغزىڭ ئاچقىل، ئەي گۆدەك، ئەمانەتىن بېرەيىم،
مەزەسىنى يۇتمادىم، ئاچ ـ ئاغزىڭغا سالايىم،
ھەق رەسۇلنىڭ بۇيرۇغىن، ئۇممەت بولسام قىلايىم،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

ئاغزىم ئاچتىم سالدىلار، خۇرما ئىسى قىلدى مەست،
ئىككى ئالەمدىن كېچىپ، ۋەللاھ بولدۇم ھەقپەرەست،
خاجە موللا يىغلىدى، ئالىپ يۇردى دەست بەدەست،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

بابام ئايىتتى: «ئەي بالام، تەكلىپ قىلمادىڭ ماڭا،
بەشيۈز يىلدۇر كامىمدا[1] ساقلاپ ئېردىم مەن ساڭا»،
«مەزەسىنى سىز ئالىپ، تىلىفىن[2] بەردىڭىز ماڭا»،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۇك.

بابام ئايىتتى: «ئەي بالام قاشىمدا تۇر ئۆلەيىم،
جىنازەمنى ئوقۇپ كۆم، جان تەسەددۇق قىلايىم،

① كام ـــ تاماق، ئېغىز.
② تىلىف ـــ بۇ يەردە، شۆپۈكىنى، شاكىلىنى دېگەن مەنىدە.

مەدەد قىلسا مۇستەفا ئىللىيىنگە كىرەيىم،
ئارسلاب بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەرۈك.

يىغلاپ ئايتتىم: «ئەي بابا، ياش گۆدەكمەن بىلمەسسەن،
گۆرىڭىزنى قازسالار مەن كۆتۈرۈپ سالالماسمەن،
ھەق مۇستەفا سۈننەتىن گۆدەكمەن بىلەلمەسمەن»،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۈك.

بابام ئايتتى: «ئەي بالام، مەلائىكلەر يىغىلغاي،
جەبرائىل ئىمام بولۇپ، ئۆزگەلەر تابىئ بولغاي،
مىكائىلۇ ئىسرافىل كۆتۈرۈپ گۆرگە قويغاي»،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۈك.

قۇل خوجا ئەھمەد، سۆزۈڭنى نادانلارغا ئايتماغىل،
سۆزنى ئايتىپ نادانغا پۇچەك پۇلغا ساتماغىل،
ئاچىدىن ئۆلسەڭ نامەرددىن ھەرگىز مىننەت تارتماغىل،
ئارسلان بابام سۆزلەرىن ئىشتىڭىز تەبەررۈك.



## 19 ـ ھېكمەت

قۇدرەت بىرلە ھەقدىن سىزگە فەرمان بولدى،
تۇبسىز دېڭىز ئىچرە يالغۇز تۇشتۇم دوستلار.
ئول دېڭىزگە قادىر ئىگەم پەرمان قىلدى،
بىھەمدىللاھ، ساق ـ سالامەت چىقتىم دوستلار.

ياشىم يەتتى، ئۆمرۈم كەتتى، كۆككە ئۇچتۇم،
باغرىم تاشتى، ئەقلىم شاشتى، يەرگە تۇشتۇم.
نەفسۇ شەيتان خەيلى بىرلە كۆپ ئۇرۇشتۇم،
سەبرۇ رىزا مەقاماتىن① ئاشتىم دوستلار.

توققۇزۇمدا تۇگەل توزدۇم تەگكۈزمەدىم،
ئون ياشىمدا ئوك يانىمدا ئۆرگۈلمەدىم،
ئون بىرىمدە ئۆز نەفسىمگە بەكچى بولدۇم،
سەبرۇ رىزا مەقاماتىن كەچتىم دوستلار.

ئون ئىككىمدە بارچە ئەرۋاھ كەلام قىلدى،
ھۆرلەر قارشى كېلىپ ماڭا سەلام قىلدى،
سىر شەربەتىن ساقىي بولۇپ ماڭا سۇندى،
ئانى ئالىپ ئەدەب بىرلە ئىچتىم دوستلار.

ئون ئۈچۈمدە غەۋۋاس بولۇپ، دەريا چۆمدۇم،
مەئرىفەتنى گەۋھەرىنى سىررىن تەردىم،

---

① سەبرۇ رىزا مەقاماتى ــ سەۋرى ـ تاقەت ۋە رازىلىق دەرىجىسى.

شامىن كۆرۈپ پەرۋانەدەك ئۆزۈم ئۇردۇم،
بىھۇش بولۇپ ئەقلىم يىتتى شاشتىم دوستلار.

ئون تۆرتۈمدە تۇپراق سىفەت خورلۇق تارتتىم،
«ھۇ ـ ھۇ» دېيۇ باشىم بىرلە تۈنلەر قاتتىم،
مىڭ ئالتۇنلۇق قىيمەتنى بىرگە ساتتىم،
تەۋبە قىلىپ يازۇقلاردىن قاچتىم دوستلار.

ئون بەشىمدە دەرگاھىڭغا يانىپ كەلدىم،
يازۇق بىرلە ھەرئىش قىلدىم خەتا قىلدىم،
تەۋبە قىلىپ ھەققە بويۇن سۇنۇپ كەلدىم،
تەۋبە قىلىپ گۇناھلاردىن قاچتىم دوستلار.

جەبرائىل ۋەھيي كەلتۇردى ھەق رەسۇلغە،
ئايەت كەلدى زىكىر ئەتكىل دەپ جۇزۋۇ كۇللىغە،[1]
خىزىر بابام سالدى مېنى ئۇشبۇ يولغە،
ئاندىن سوڭرە دەريا بولۇپ تاشتىم دوستلار.

شەرىئەتنىڭ بوستانىدا جەۋلان قىلدىم،
تەرىقەتنىڭ گۈلزارىدا سەيران قىلدىم،
ھەقىقەتدىن قانات تۇتۇپ كۆككە ئۇچتۇم،
مەئرىفەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم دوستلار،

«ئەلەست»[2] خەمرىن پىرى مۇغان تويا بەردى[3]،
ئىچەبەردىم مىقدارىمچە قۇيا بەردى،
قۇل خوجا ئەھمەد ئىچىم ـ تاشىم كۆيە بەردى،
تالىبلارغا دۇررۇ گەۋھەر ساچتىم دوستلار.

---

[1] جۇزۋۇ كۇللى — پارچە ۋە پۈتۈنى، ھەممىسى، تامامى.
[2] ئەلەست — روھلار يارىتىلغان ۋاقىت.
[3] تويا بەردى — تويغىچە، قانغىچە بەردى.

## 20 ـ ھېكمەت

مۇھەببەتنى جامىن ئىچكەن دىۋانەلەر،
قىيامەت كۈن ئوت ئاغزىدىن ساچار دوستلار،
قۇدرەت بىرلە ياراتىلغان يەتتى تامۇغ،
ئاشىقلارنى نەئرەسىدىن قاچار دوستلار.

دوزاخ يىغلاپ داد ئەيلەگەي خۇدايىگە،
تاقەتىم يوق ئاشىقلارنى بىر ئاھىگە،
قاچىپ بارغاي ھەق تەئالا پەناھىگە،
ئاشىقلارنى ياشى بىرلە ئۆچەر دوستلار.

ئاشىقلارنى ئىشق دۇكانىن بارسا قۇرۇپ،
ياشىن ساچىپ، كۆكسىن ئاچىپ، يۈزىن سۈرۈپ،
ئىنشائاللاھ دوزاخ قاچغان ئاندىن قورقۇپ،
يەتتە ئاسمان تاقەت قىلماي كۆچەر دوستلار.

رەھمان ئىگەم ساقى بولۇپ مەي ئىچۈرسە،
ئەھلۇ ئەيال خانۇماندىن پاك كەچۈرسە،
ۋۇجۇدۇمدىن ئەزازىلنى ھەق قاچۇرسە،
جۇرمۇ ئىسيان گىرىھلەردىن ئاچار دوستلار.

ئىشق بابىنى ھەق يۈزىگە ۋا[1] ئەيلەسە،
خاس ئىشقىنى كۆڭۈل ئىچرە جا[2] ئەيلەسە،
لۇتف ئەيلەسە ئىككى ئالەم شاھ ئەيلەسە،
ئاشىقلارى ھەق سارىغە ئۇچار دوستلار.

سۇبھان ئىگەم بىرقەترە مەي قىلسە ئىنئام،
زىكرى سىرنى ئايتا ـ ئايتا قىلسام تەمام،
ھۆرۈ غىلمان جۇملە مەلەك ئاڭا غۇلام،
ئۇچماق ئىچرە ھەرىر تونلار پىچار دوستلار.

ئاللاھ دىبان گۆردىن قوپسا ئالەم كۆيەر،
خاس بەندەم دەپ رەھمان ئىگەم يالغۇز سۆيەر،
ياش ئورنىغە قانىن تۆكۈپ يۈزىن بويار،
ھەمدىن ئايتسا شەيتان لەئىن قاچار، دوستلار.

مەن ئايتمادىم ئاللاھ ئۆزى ۋەئدە قىلدى،
يولسىز ئىدىم، لۇتف ئەيلەبان يولغە سالدى،
غەرىب بولۇپ نالە قىلدىم قولۇم ئالدى،
ئانداغ ئاشىق شەۋق شارابىن ئىچەر دوستلار.

قول خوجا ئەھمەد، ئىشقسىزلارنى ئىشى دۇشۋار،
تاڭلا بارسا ھەق كۆرسەتمەس ئاڭا دىدار.
ئەرشۇ كۇرسى، لەۋھۇ قەلەم ھەممە بىزار،
ئىشقسىزلارغا دوزاخ بابىن ئاچار دوستلار.

---

① ۋا — ئوچۇق.
② جا — جاي، ماكان، يەر، ئورۇن.

# 21 ـ ھېكمەت

ئاسي ــ جافي قۇلۇڭ كەلدى دەرگاھىڭغە،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى»،
ئەركىلىك قادىر ئىغلاپ كەلدىم بارگاھىڭغە،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

تۈن كېچەلەر تاڭ ئاتقۇنچە ياتماق ئىشىم،
سەھەر تۇرۇپ راز ئەتمەدى مۇڭلۇغ باشىم،
نەدامەتدە ئاقارمۇكىن كۆزدە ياشىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

يولسىز يولغە كىردىم، دوستلار، ھالىم خەراب،
خەلقدىن سورسام ھېچكىم بەرمەس ماڭا جەۋاب،
خالىقىمسەن يول كۆرسەتكىل، ئالىيجەناب،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ھادى».

خىجالەتدە قورقۇپ كەلدىم گۇناھىمدىن،
زاتى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئىلاھىمدىن،
نىدا كەلدى: «نەۋمىد قويماي دەرگاھىمدىن»،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ھادى».

ئىغلاپ كەلدىم ھەزرەتىڭگە، ئايا شاھىم،
قاپساپ كەلدى قاراڭغۇلۇق چىققىل ماھىم،

پادىشاھىمسەن بىرۇ بارىم تەكيەگاھىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

باشدىن ئاياغ بولدى گۇناھ، قايدا باراي،
يول ئاداشغان ئىتدەك بولۇپ، كىمدىن سوراي،
بۇ ھال بىرلە دىدارىڭنى قايدىن كۆرەي،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

مەن بەركىتسەم، ئىلكۇ ئاياغ جۇملە گۇۋاھ،
رەھمەت ئىتىپ سەن كەچمەسەڭ، ھالىم تەباھ،
شەرمەندەمەن، دەرماندەمەن، كۆپتۇر گۇناھ،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

گۇناھ دەردى بىمار قىلدى، تەبىبىمسەن،
مەھبۇبۇمسەن، دەرمانىمسەن، ھەبىبىمسەن،
يولدا قالدىم، ھالىم سورار رەفىقىمسەن،
قولۇم تۇتۇپ، يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

فاسىق، فاجىر رەھمەتىڭدىن نەۋمىد ئەمەس،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىم مىنى يولغە سالماس،
لۇتۇف ئەتمەسەڭ، مۇشكىللەرىم ئاسان بولماس،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

ھېچ كىشى يوق يەردە ـ كۆكدە سەندىن قادىر،
شەككىم يوقتۇر بۇ سۆزۈمدە، ئۆزۈڭ نازىر،
ھەم يەككەسەن، يىگانەسەن، بىشەك ھازىر،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

مەن يولۇڭدا باش بەرمەدىم، قادىر خۇدا،
باش نە بولغاي غەرىب جانىم يۈزمىڭ فىدا،
دەرد ھەم ئۆزۈڭ، دەرمان ئۆزۈڭ، لۇتفۇڭ دەۋا،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى»،

جانۇ ئىمان غىزاسىدۇر سىنىڭ زەۋقىڭ،
جانىم بىرىپ ساتىپ ئالاي سىنىڭ ئىشقىڭ،
روزى مەھشەر شەفىئ بولغاي سىنىڭ شەۋقىڭ،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«قۇلھۇۋەللاھ»، «سۇبھاناللاھ»دىن قامچەسى،
روزە، نەماز، تەسبىھ، تەھلىل ھەق ئەلچىسى،
پىرى مۇغان تالىبلارنى يولباشچىسى،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«ئەنتەل ـ ھادى، ئەنتەل ـ ھەق»نى زىكرىن ئايتسام،
ھادى بولساڭ، ئەگرى يولدىن راستقا قايتسام،
ھۇ زىكرىنى تىلغە ئالىپ نەئرە تارتسام،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«ئەنتەل ــ ھادى، ئەنتەل ــ ھەق»نى زىكرى قەۋى،
پىرى مۇغان سۆزلەرىدىن ئالسا فەتۋى،
باتىنلارى رەۋشەن بولۇپ بولۇر ياخشى،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

قۇل خوجا ئەھمەد، رەھمەتىڭدىن ئۈممىد تۇتاي،
خاجەم مىنى بەندەم دىسە شۈكرىن ئايتاي،
بەندەم دىمەي، يۈز ئۆگۈرسە نىچۈك قىلاي،
قۇلۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

## 22 ـ ھېكمەت

خۇش قۇدرەتلىغ پەرۋەردىگار، بىرۇ بارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».
زاتى ئۇلۇغ رەھمان ئىگەم ھەم جەببارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

سەھەر ۋەقتە يىغلاپ تۆكسەم قانلار كۆزدىن،
كۆڭلۈم ئاچىپ ئاگاھ بولاي ياخشى سۆزدىن،
قۇدرەتىڭگە مەھۋ بولۇپ كېتەي ئۆزدىن،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

ئىجابەتنى ئاندىن تىلەپ قىل مۇناجات،
ھاجەتىڭنى رەۋا قىلغاي قازىيەل ھاجات،
رەھمەت دەريا بولۇپ تاشار يەتسە فۇرات،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

ئەي داد ئىگەم، ھېچ يەتمەدى سەنگە دادىم،
يەرۇ كۆكنى نالان قىلدى بۇ فەريادىم،
روزى مەھشەر قىچقارغايمۇ كەل ئازادىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

بەندە بولساڭ زىكرىن ئايغىل، قولۇڭ ئالسۇن،
يولدىن ئازساڭ، رەھبەر بولۇپ يولغە سالسۇن،

سەھەرلەردە زارى قىلغىل، رەھمى كەلسۇن،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«ئەنتەل ـ ھادى، ئەنتەل ـ ھەق»نى زىكرى ئالللاھ،
ھەق زىكرىنى ئايتغىل تىنماي بولغۇڭ ئاگاھ،
راھىم مەۋلام نەزەر قىلسە بولۇر ناگاھ ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«ئەنتەل ـ ھادى، ئەنتەل ـ ھەق»نى زىكرى دىلدە،
بىلمەس نادان زىكرىن ئايتىپ زاھىر تىلدە،
مەنمەن دېگەن شەيخى زەمان ئابۇ گىلدە[1] ،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

«ئەنتەل ـ ھادى، ئەنتەل ـ ھەق»نى زىكرى ئۇلۇغ،
ھەق زىكرىنى ۋىرد[2] ئەيلەگەن كۆڭلى سۇنۇغ،
ۋىرد ئەيلەمەي شەيخمەن دېسە جايى تامۇغ،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

ئەي يارانلار، نەفس قولىدىن ئەرماندەمەن،
ئىسيان يۈكى بۆكتى مېنى، دەرماندەمەن،
ئاجىز قۇلۇڭ، ھەرنە قىلساڭ فەرماندەمەن،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى» .

قۇل خوجا ئەھمەد، نەفسدىن چوڭ بەلا بولماس،
يول ئۈستىدە تۇفراق بولسام كافىر ئۇلماس،
يەرۇ كۆكدىن يىمەك بەرسەم ئەسلا تويماس،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالغىل «ئەنتەل ـ ھادى».

---

① ئابۇ گىل ـــ سۇ ۋە تۇپراق؛ سېغىزلاي.
② ۋىرد ـــ ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي.

# 23 ـ ھېكمەت

«قەد ئەلەمنا ئەنتە فى كۈللى ئۇمۇر»،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر[1]،
«كافي فىل غەيىبى ھۇۋە مەن فىلھۇزۇر»،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

مۇستەفا دەر ھالەتى ناز ئەردىلەر،
بىر گۇرۇھنى ئاسىي دەپ قايغۇردىلەر،
«ئۇممەتىم، ۋاي ئۇممەتىم» دەپ ئايدىلەر،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

بىزنى سۆيدى، ئۆزگەلەرنى سۆيمەدى،
ھەم ئاتا، ھەم ئاناسىنى سۆيمەدى،
يارلىغادىم دېمەگۈنچە قويمادى،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

ھەق تەئالادىن نىدا كەلدى ئاڭا،
ئۇممەتىن ئىشىن ھەۋالە قىل ماڭا،
جۈملەسىن باغىشلايىم ئاندا ساڭا،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

---

① ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر ـــ سەن يېتەرلىك، سەن ئەپۇچان، ئەي كەچۈرگۈچى.

ئايدى: «مەندىن سوڭرە ئۇممەت بولغۇسى،
فەرزۇ سۈننەتنى قويۇپ فىسق ئەتكۈسى،
ئەكسەرى ئۇممەتدىن ئىمان كەتكۈسى،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

«ئۇممەتىم ئۇممەتلەر ئىچرە سافىدۇر،
نەيلەيىم كۆپرەكى ئاسي - جافىدۇر،
قادىرىم ئۆز ۋەئدەسىگە ۋافىدۇر،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.

مىسكىن ئەھمەد، سەن بۇ يازۇق زەھرىدىن،
قۇتۇلۇك ئىچسەڭ شەرابى مېھرىدىن،
گەرچە كۆپ قورقغۇم ئىلاھىم قەھرىدىن،
ئەنتە كافي، ئەنتە ئافي، يا غەفۇر.



# 24 ـ ھېكمەت

خۇداۋەندا، مېنى سالغىل ئۆز يولۇڭغا،
نەفس قولىدا ھارىپ ئەدا بولدۇم مانا.
فىسقۇ فۇجۇر تولۇپ تاشىپ ھەددىن ئاشتى،
غەرق ئاب بولۇپ ئىسيان ئىچرە قالدىم مانا.

دۇنيا نەجىس تالىب بولۇپ ئىتدەك يۈردۇم،
ئىستەپ ئانى ئارقەسىدىن تۈن ـ كۈن قۇۋدۇم،
ئەمرىن تۇتماي، ھەق يولىغە كۆزۈم يۇمدۇم،
قايدا باراي، ئايا دوستلار، نېتكۈم مانا.

نەفسۇ شەيتان ئەسىر قىلدى ئادەم ئوغلىن،
شۇتۇرلايىم باغلاپ ئالدى ئىككى قولىن.
نە مۇشكىلدۇر ئوڭغۇ سولنى بىلمەي يولىن،
ۋادەرىغا، ھەسرەت بىرلە بارغۇم مانا.

يوق مېنىڭدەك شۇم بەلا ئالەم ئارا،
ھېچ بولمادى، مەندىن رىزا خەلقۇ خۇدا،
ئەمدى بولدى ئاخىر مېنىڭ يۈزۈم قارا،
ۋاۋەيلەتا[1] ئەۋۋەل نېگە بولدۇم مانا.

ئەتا قىلغان ئەزىز جاننى بىلمەدىم مەن،
زاھىر باتىن ھازىرسەن دەپ تۇرمادىم مەن،

[1] ۋاۋەيلەتا ـــ ۋاي ئاللاھ، ۋاي خۇدايىمەي.

قارا يۇزۇم دەرگاھىڭغە سۇرمەدىم مەن،
يا رەببەنا، ھەرنە قىلساڭ كەلدىم مانا.

تاقەتىم يوق ئەگەر باقسام گۇناھىمگە،
قىلاي تەۋبە قاچىپ كەلدىم پاناھىڭگە،
رەھمەت بىرلە نەزەر قىلغىل خوجا ئەھمەدگە،
ھەرنە قىلساڭ مەن بىنەۋا كەلدىم مانا.



# 25 ـ ھېكمەت

رەھمان ئىگەم، رەھمەتىڭنى جارى قىلغىل سەھەردە،
ئىسيان لايىغا پاتتىم، يارى بەرگىل سەھەردە.

ئەستەغفىرۇ ئىستىغفارنى قىلغىل يىراق شەيتاندىن،
شەيتان سېنى ئازدۇرۇر، پەناھ بەرگىل سەھەردە.

ئۈمىد بىرلە كېلىپمەن دەرگاھىڭغە، ئىلاھىم،
بەدكەردەيىم، بەدكىردار قولۇم تۇتقىل سەھەردە.

تەۋبە قىلدىم تىلىمدا، دىلىم قورقماس خۇدادىن،
ھەم رەھمەتۇ ھەم دىدار ئەتا قىلغىل سەھەردە.

يولسىز يولغا يول يۈردۈم، غەفلەتتە ئۆمرۈم ئۆتتى،
يا قادىرى زۇلجەلال يولغە سالغىل سەھەردە.

سەنسەن مېنىڭ پەناھىم، غەزەب قىلما، ئىلاھىم،
يا دانايى كۆللى ھال[1] ھالىم سورغىل سەھەردە.

باشتىن ئاياغ گۇناھىم ئىككى جەھانغا سىغماس،
بەندەڭ ئاسي گۇناھكار، پىنھان قىلغىل سەھەردە.

---

① دانايى كۆللى ھال ــ ھەرھالغا ۋاقىپ، ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى؛ ئاللاھ.

تاغدىن ئاغىر گۇناھىم، كەچۈرۈمگە تىلىم يوق،
گۇناھىمنى باغىشلاپ، يەكسان قىلغىل سەھەردە.

گۇناھىمغە ئىقرارمەن ھازىرسەنۇ نازىرسەن،
قولۇم تۇتقىل يا جەببار، يولغە سالغىل سەھەردە.

غەرىب مەنۇ بىكەسمەن، بىچارىمەن ھەم فەقىر،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار، رەھىم ئەيلەگىل سەھەردە.

مەن ئاسىيمەن پۇر گۇناھ، ھەمدۇ سەنا ئايتماسمەن.
تاۋۇق جانۋارنى كۆرگىل، سەنا ئايتۇر سەھەردە.

قۇل خوجا ئەھمەد ھەقدىن قورق، كىم قورقماس ئىمانى يوق،
ئالدىڭدادۇر ئول تامۇغ، ھازىر بولغىل سەھەردە.



# 26 ـ ھېكمەت

رەھىم مەۋلام رەھمى بىرلە ياد ئەيلەسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرەتىگە بارغۇم مانا.
تەۋبە قىلىپ ئەگرى يولدىن راستقا قايتىپ،
نە يۈز بىرلە ھەزرەتىگە بارغۇم مانا.

ھەق بەندەسىن نامەلەرىن قولغە بەرسە،
ھەق ئىلاھىم رەھمى بىرلە رەھمەت قىلسە،
پىرى مۇغان رەھبەر بولۇپ يولغە سالسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرەتىگە بارغۇم مانا.

بىر كۈن بولۇپ ئەجەل ۋەقتى ياۋۇق يەتسە،
ساڭا ـ ماڭا ئەسلى ۋەتەن ھۆكمىن ئايتسە،
ئۆلمەي تۇرۇپ جان ئاچچىغىن زەھرىن تاتسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرەتىگە بارغۇم مانا.

سىرداش بولغان ھەمراھلارىڭ شاشىپ كەتتى،
جەدەل قىلىپ ئۇقبالاردىن ئاشىپ كەتتى،
چار زەرب ئۇرۇپ دەريالاردەك تاشىپ كەتتى،
نە يۈز بىرلە ھەزرەتىگە بارغۇم مانا.

ۋاۋەيلەتا، كىچە ـ كۈندۈز قىلماي تائەت،
ھەق رەسۇلى ئۇممەت ئۇچۇن يېمەي نېئمەت،

ئىچكەن ـ يېگەن نېئمەتلەرى قايغۇ ـ مېهنەت،
نە يۈز بىرلە هەزرەتكە بارغۇم مانا.

هەق رەسۇلى دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرمادى،
ئۈممەت تىلەپ ئۆزگە سۆزگە دەم ئۇرمادى،
دۇنيا ئىچرە لەهزە ئارام ئول كۆرمەدى،
نە يۈز بىرلە هەزرەتكە بارغۇم مانا.

ۋادەرىغا، مەهشەر كۈنى زاهىر بولسە،
تەڭرى ئۆزى قازى بولۇپ نازىر بولسە،
يامان ئىشىم ـ قىلمىشلارىم هازىر بولسە،
نە يۈز بىرلە هەزرەتكە بارغۇم مانا.

كىچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلا قۇل خوجا ئەهمەد،
دۇرۇد ئايتىپ هەق رەسۇلغا بولغىل ئۈممەت،
مۇرشىد بولۇپ ئۈممەت دېسە خۇش سەئادەت،
نە يۈز بىرلە هەزرەتكە بارغۇم مانا.



# 27 ـ ھېكمەت

رەھمەتىڭدىن نەۋمىد قىلما مەن غەرىبنى،
ئارام ئالماي يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.
كېچەلەرى بىدار بولۇپ تاڭ ئاتقۇنچە،
يۈمماي كۆزنى يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

دەرگاھىڭغە ئەمدى كېلىپ بېلىم باغلاپ،
جان كۆيدۈرۈپ يۈرەك باغرىم تۇتۇپ داغلاپ،
ياقام تۇتۇپ ئۆتكەن ئىشقا چەندان يىغلاپ،
ئىخلاس بىرلە يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

كۆڭۈل باغى ياشىل ئىكەن بىلمەي يۈردۈم،
ئۆمرۈم گۈلى خەزان بولدى ئەمدى تۇيدۇم،
دۇنيا تاشلاپ دىن يولىغە قەدەم قويدۇم،
ھەزار[1] دەستان يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

بول يوللاردا جاننى ئاسراپ بولماس ئەرمىش،
جان ئاسراغان بۇ يوللارغا كىرمەس ئەرمىش،
پايدا ـ زىيان بولغاننى بىلمەس ئەرمىش،
بۇ ھال بىرلە يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

---

① ھەزار ــ مىڭ .

قۇل خوجا ئەھمەد نەفس تاغدىن چىقىپ ئاشتى،
فەنافىللاھ مەقامىغا ياۋۇقلاشتى،
يۈرەك باغرىم جۇش ئۇرۇبان قايناپ تاشتى،
بۇ ھال بىرلە يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

# 28 ـ ھېكمەت

ئۆمرۈم ئاخىر بولغاندە نە قىلغايمەن خۇدا يا،
جان ئالغۇچى كەلگەندە نە قىلغايمەن خۇدا يا.

جان بەرمەكنىڭ ۋەھمىدىن ئەزرائىلنىڭ زەخمىدىن،
شەفقەت بولماسە سەندىن، نە قىلغايمەن خۇدايا.

جان بەرمەك ئىشى دۇشۋار، ئاسان قىلغىل، يا جەببار،
سەندىن ئۆزگە يوق غەمخار، نە قىلغايمەن خۇدايا.

جانىم جۇدا بولغاندا، تېنىم مۇندا قالغاندا،
تەختە ئۈزرە ئالغاندا، نە قىلغايمەن خۇدايا.

ئاجىز بولۇپ ياتقاندا، فەرىشتەلەر كىرگەندە،
«مەن رەببۇك» دەپ سورغاندا، نە قىلغايمەن خۇدايا.

ئېلتىپ گۆرگە قويغاندا، يەتتە قەدەم يانغاندا،
سوراقچىلار كىرگەندە، نە قىلغايمەن خۇدايا.

«مەن رەببۇك» دەپ تۇرغاندە، قارا كۇندۇر ئۇ شاندا،
رەببىڭ كىمدۇر دېگەندە، نە قىلغايمەن خۇدايا.

قۇل خوجا ئەھمەد سەن بەندە، نەفس قولىغا شەرمەندە،
مەھشەر كۇنى بولغاندا، نە قىلغايمەن خۇدايا.

# 29 ـ ھېكمەت

قەھھار ئاتلىغ قەھرىڭدىن قورقۇپ يىغلار خاجە ئەھمەد،
رەھمان ئاتلىغ رەھمىڭدىن ئۈمىد تۇتار خاجە ئەھمەد.

گۇناھىم كۆپ ئىلاھىم، كەچۈرگەيسەن گۇناھىم،
بارچە قۇللار ئىچىدە ئاسىي قۇلدۇر خاجە ئەھمەد.

مۇنافىقلار يۈرۈرلەر، گۇناھ خەتا قىلۇرلەر،
ھەرام شۈبھە يېيۇرلەر، قورقۇپ يىغلار خاجە ئەھمەد.

تەرىقەتنى بىلمەدىم، ھەقىقەتكە كىرمەدىم،
پىر بۇيرۇقىن تۇتمادىم، ئۆزرى كۆپتۇر خاجە ئەھمەد.

ئاخىر زەمان بولغاندۇر، پادىشاھ زالىم بولغاندۇر،
ھەرام شۈبھە تولغاندۇر، ھەيران بولۇر خاجە ئەھمەد.

شەرمەندە ئاسىي قۇلمەن، ئىشق يولىدا بۇلبۇلمەن،
ئارسلان بابغا قۇلمەن، قۇلۇق بولۇر خاجە ئەھمەد.

قۇل خوجا ئەھمەد تائەت قىل، يىغلاماقنى ئادەت قىل،
بەلا كەلسە تاقەت قىل، ھەقدىن بولۇر خاجە ئەھمەد.

## 30 ـ ھېكمەت

كۆڭلۈم قۇشى ئۇچسا دائىم قانات قاقىپ،
ئىككى كۆزۈم نەدامەتتە قانلار تۆكۈپ،
تەن ئۆلتۈرۈپ رىيازەتتە تىزىن چۆكۈپ،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى.

نادانلىقتا قىلغان ئىشىم بارچە خەتا،
تەۋبە تەقسىر ئەيلەمەدىم ياقام تۇتا،
گەردەنىمگە تەۋق ياڭلىغ سالىپ فوتا،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى.

دۇنيا سۆيۈپ، دىن سەۋداسىن ئۆتكەرىپمەن،
يازۇق ياقىن، ئايا دوستلار، بىتكەرىپمەن،
دەرگاھىڭغە يامانلىقلار كەلتۈرۈپمەن،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى،

شۇم دۇنياغە كۆڭۈل باغلاپ كاھىل بولدۇم،
ئىشرەت بىرلە، ۋادەرىغا، جاھىل بولدۇم.
بۇ دۇنيانى ئۆتەرىنى ئەمدى بىلدىم،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى.

كۆڭۈل مۇلكىن تۇتمىش ئوخشار زۇلمەت تۈنى،
مەنلىك ئىچرە پەيدا بولۇر ماۋۇ مەنى،

پىر خىزمەتنى يىراق قىلۇر بىزدىن ئانى،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى.

قۇل خوجا ئەھمەد گۇناھىغە قايىل ئېرۇر،
ھەركىم ئاللاھ دېسە ئاڭا يارى بېرۇر،
ئەرەنلەرنىڭ سۆھبەتىگە مايىل ئېرۇر،
يا ئىلاھا ئەفۇ قىلغىل گۇناھىمنى.



# 31 ـ ھېكمەت

ملك ـ تۆمەن تۆرلۈك خەتالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل،
گۇفت گۇيى نارەۋالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

گەر تىلاۋەت قىلمىشىمدا بۇ كەلامۇللاھنى،
سەھۋۇ ئىسيانۇ خەتالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

ئوقۇغاندا غافىل ئۆتسە يا غەلەت [1] ئوقسان بىللە،
ھەر نېچۇك بىجا ـ بەجالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

مەد بىلەن ئىئرابى تەشدىدلەرنى تەغيىر [2] ئەيلەسەم،
بۇ كەلامغا ھەر خەتالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

فەھش ئوقۇسام بىر كەلىمەنى يا بىر ھەرفىنى،
مۇنداغ ناتەمام دۇئالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

ئايەتى ۋەئدۇ ۋەئىدنى [3] قىلماسام مەن تەفرىقە،
فەھم قىلماي نارەسالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

---

① غەلەت ـــ خاتا، خاتالىشىش.
② تەغيىر ـــ باشقىچە، بۆلەكچە.
③ ئايەتى ۋەئدۇ ۋەئىد ـــ ياخشى ۋە قورقۇتقۇچى ئەرسىلەرنى ۋەدە قىلىدىغان ئايەتلەر.

ئىززەتۇ ئىكرامى قۇرئاننى بەجا كەلتۇرمەسەم،
بىئەدەبلىك، بىئىبالىق مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

ھەزرەتىڭدە مەن كەبى قۇلنىڭ خەتاسى كۆپ ئېرۇر،
رۇسىيالىق ھەر خەتالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

خوجا ئەھمەد مىسكىننى نۇقسانى كۆپتۇر دۇنيادا،
گەرچە يا رەب، مىڭ خەتالار مەندىن ئۆتسە ئەفۇ قىل.

## 32 ـ ھېكمەت

ئىلاھا، قادىرا، پەرۋەردىگارا،
رەھىم قىل بەندەڭە ئەي كىردىگارا.

سىغىندىم ھەزرەتىڭگە، ئەي ئىلاھى،
ياراتقان جۈملە ئالەمنىڭ پەناھى،

ئىجابەت سەندىنۇ مەندىن مۇناجات،
ئىلاھا زۇلجەلالى جۈملە ھاجات.

ئىلاھا ھاجەتىمنى سەن رەۋا قىل،
كەرىمسەن لۇتف ئىلە دەردىم داۋا قىل.

كەرەم بىرلە كەچۈرگىل ئەي ئارىف زات،
ئەزابى ئاخىرەتدىن قىلغىل ئازاد.

ئىلاھا شەررى شەيتاندىن سەن ئاسرا،
قامۇغ يازۇقلارىمدىن ھەم سەن ئاسرا.

قامۇغ يازۇقلارىمدىن تەۋبە قىلدىم،
كى مەست ئەردىمكى مەن ئاندىن ئايىلدىم.

دىمەيمەنكى مىنى جاندىن ئايىرما،
ۋەلې ئاخىردە ئىماندىن ئايىرما.

ئىلاھا، بارچەنىڭ فەريادىغە يەت،
قاموغ بىچارەلەرنى دادىغە يەت .

قۇلۇڭ ئاسىينى سەن ھەر ھاجەتىن بەر،
بۇ دەردى بىدەۋاغە سەن داۋا بەر.

ئىلاھا، سەن كەچۇرگىل تاقەتىم يوق،
سېنىڭ ئالدىڭغا لايىق تائەتىم يوق.

ئىلاھا، زاتى پاكىنىڭ ھۆرمەتىدىن،
ئايىغىل بىزنى شەيتان زەھمەتىدىن.

ئىلاھا، بارچەنى قۇللۇققا خاس ئەت،
مېنى مەندىن ئالىپ بىر يول خەلاس ئەت.

ماڭا تەۋفىق سۇۋىدىن سەن ئىچۈزگىل،
كەرەم بىرلە گۇناھىمنى كەچۇرگىل.

كى بىلمەسدە گۇناھ بىسيار قىلدىم،
كۆڭۈللەرنى بۇزۇپ ئازار قىلدىم.

كى ھەر ئاسي ئىبرۇر رەھمەتكە لايىق،
كەل ئەي ئەھمەد، دۇئاغا بول مۇۋافىق.

# 33 ـ ھېكمەت

ئىشق يولىدا فەنا بولاي ھەق بىرۇ بار،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا قىلاي ئىزىم جەببار،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

گۇل ئىشقىنى كويىدا مەن بۇلبۇل بولدۇم،
ئەلۋان ـ ئەلۋان تىللار بىرلە نالىش قىلدىم،
بارچە ئىشدىن ئاشىقلىقنى دۇشۋار بىلدىم.
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشقى تەگسە كۆيدۇرگۇسى جانۇ تەننى،
ئىشقى تەگسە ۋەيران قىلۇر ماۋۇ مەننى،
ئىشق بولماسا تاپىپ بولماس مەۋلام سېنى،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشق دەفتەرى سىغماس دوستلار، دەرگاھىغە،
جۇملە ئاشىق يىغىلىپ بارغاي بارگاھىغا،
يەتتە دوزاخ تاقەت قىلماس بىر ئاھىغا،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

خاس ئىشقىڭنى كۆرسەت ماڭا، شاكىر بولاي،
ئەررە قويسا زىكرىيادەك زاكىر بولاي،

ئەييۇب سفەت بەلاسغە سابىر بولاي،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

جىلۋە قىلغىل، تەلبە قىلغىل، شەيدا قىلغىل،
مەجنۇن قىلغىل، ئەلۇ خەلققە رەسۋا قىلغىل،
شەمئ كۆرسەتىپ پەرۋانەدەك ئەخگەر قىلغىل،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشق دەردىنى تەلەب قىلدىم دەرمانى يوق،
ئىشق يولىدا جان بەرگەننىڭ ئەرمانى يوق،
بۇ يوللاردا جان بەرمەسە ئىمكانى يوق،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

قايدىن تاپاي ئىشقىڭ تۈشتى قەرارىم يوق،
ئىشق سەناسىن كېچە ـ كۈندۈز قويارىم يوق.
دەرگاھىڭدىن ئۆزگە يەرگە بارارىم يوق،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئىشق بازارى ئۇلۇغ بازار، سەۋدا ھەرام،
ئاشىقلارغە سەندىن ئۆزگە غەۋغا ھەرام.
ئىشق يولىغە كىرگەنلەرگە دۇنيا ھەرام،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

ئاشىقلىقنى دەئۋا قىلىپ يۈرەلمەدىم،
نەفسىن كېچىپ مەن ئەمرىنى قىلالمادىم.
نادانلىقدە ھەق ئەمرىنى بىلەلمەدىم،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

قۇل خوجا ئەھمەد ئىشقىدىن قاتتىق بەلا بولماس،
مەرھەم سۈرمە ئىشق دەردىگە دەئۋا بولماس،
كۆز ياشىدىن ئۆزگە ھېچكىم گۇۋاھ بولماس،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل، پەرۋەردىگار.

# 34 ـ ھېكمەت

ئايا شاھى، دۇ ئالەم پادىشاھى،
ئېرۇرسەن بەندەنىڭ پۇشتى پەناھى.

تىلەپ دائىم سېنى ئول زاتى پاكلىك،
شەياتىن شەررىدىن بەرگىل پەناھى.

بۇ شەيتان شەررىدىن كىمگە قاچارمەن،
سېنى ئالدىڭدادۇر سەررى كەماھى.

خۇداۋەندا، ساڭا مەن ياندىم ئەمدى،
ئۆزۈڭسەن بارچەگە رازىق [1] ئىلاھى.

«كىرامەن كاتىبىن»[2] ئاتلىق فەرىشتە،
بەيابان قۇملارىدىن كۆپ گۇناھى.

مۇھەممەدكىم ئېرۇر ھادىئى [3] ئالەم،
ئۇشال كۇندە بولادۇر دادخاھى[4] .

---

① رازىق ــــ رىسقى بەرگۈچى.

② كىرامەن كاتىبىن ــــ «كېرەملىك كاتىپلار، شەرەپلىك كاتىپلار»، پۈتۈكچى پەرىشتىلەر (قاراڭ: قۇرئانى كەرىم، ئىنفىتار سۈرىسى، 82 / 10 ــــ 12).

③ ھادى ــــ ھىدايەت قىلغۇچى، توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى.

④ دادخاھى ــــ ھەق، ئادالەتكە چاقىرغۇچى؛ شىكايەتچى.

ئوقۇپ نامەمنى كۆرسەم ھېچ ئەمەل يوق،
باشىم قويى سالىپ بولغۇم تەباھى[1]،

كى مەن دەرمەن «بۇ ئىشنى قىلغانىم يوق»،
تەمام ئەئزالارىم بولغاي گۇۋاھى.

ئۆلۈمنى دەستىدىن ھېچكىم قۇتۇلماس،
قەلەندەر بول، باشىڭغە كىي كۇلاھى.

جەھەننەم ئۈستىدە تارتىغ سىراتى،
كۆرۈپ بەندە ئۇرار ئەفسۇسۇ ئاھى.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي سەن يىغلا دائىم،
ئاسىغ قىلماس ساڭا تاڭلاكى ئاھى.



① تەباھ ـــ چۈشكۈنلەشكەن؛ چىرىگەن، بۇزۇلغان، يارامسىز.

# 35 ـ ھېكمەت

ئىشقىڭ قىلدى شەيدا مېنى، جۇملە ئالەم بىلدى مېنى،
قايغۇم سەنسەن تۈنى ـ كۈن ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

تەئالەللاھ زىھى [1] مەئنى، سەن ياراتتىڭ جىسمۇ جاننى،
قۇللۇق قىلام تۈنى ـ كۈن، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

كۆزۈم ئاچدىم سېنى كۆردۈم، كۆللى كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
ئۇرۇغلارىم تەركىن قىلدىم، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

سۆزلەسەم مەن تىلىمداسەن، كۆزلەسەم مەن كۆزۈمدەسەن،
كۆڭلۈمدە ھەم جانىمداسەن، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

فىدا بولسۇن ساڭا جانىم، تۆكەر بولساڭ مېنىڭ قانىم،
مەن قۇلۇڭمەن سەن سۇلتانىم، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

ئالىملەرگە كىتاب كېرەك، سوفىيلارغا مەسجىد كېرەك،
مەجنۇنلارغا لەيلا كېرەك، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

غافىللەرگە دۇنيا كېرەك، ئاقىللەرگە ئۇقبا كېرەك،
ۋائىزلەرگە مىنبەر كېرەك، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

---

[1] زىھى ـــ نېمە دېگەن گۈزەل، نەقەدەر ياخشى.

ئالەم بارى ئۇچماغ بولسە، جۈملە ھۆرلەر قارشى كەلسە،
ئاللاھ ماڭا روزى قىلسە، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

ئۇچماغ كىرەم، جەۋلان قىلام، نە ھۆرلەرگە نەزەر سالام،
ئانى ـ مۇنى مەن نە قىلام، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

خوجا ئەھمەد مەنىم ئاتىم، تۈنى ـ كۈنى يانار ئوتۇم،
ئىككى جەھاندا ئۈمىدىم ـــ ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.



## 36 ـ ھېكمەت

مۇھەممەدنى بىلىك زاتى ئەرەبدۇر،
تەرىقەتنىڭ يولى كۆللى ئەدەبدۇر.

ھەقىقەت بىلمەگەن ئادەم ئەمەسدۇر،
بىلىڭىز، ھېچنېمەگە ئوخشىماسدۇر.

بىلىك بىچۇن [1] ئېرۇر ھەم بىچۇگۇنە[2]،
ۋە بىشۇبھە ئېرۇر ھەم بىنەمۇنە.

قەھرلەنسە قىلۇر يەر بىرلە يەكسان،
بولادۇر زىلزىلە [3] يەر بىرلە ئاسمان.

رەھىم قىلسا، بىلىڭىز رەھمەتى بار،
بىرۇر بولسا، تۈگەنمەس نېئمەتى بار.

مۇھەممەدنى سىفەت قىلسام كەمىنە،
ئاناسىنى ئاتى بىلگىل ئەمىنە.

---

① بىچۇن ــ سەۋەبچىسىز، سەۋەبى سورالماس، زاتى ھەققىدە سو-
ئال جائىز بولمىغان (ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.)
② بىچۇگۇنە ــ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، زاتى ھەققىدە
سوئالنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ.
③ زىلزىلە ــ تەۋرەش، مىدىرلاش، تەۋرىنىش.

ئاتاسى ئاتى ئابدۇللاھ ئىكەندۇر،
ئانادىن تۇغمايىن ئۆلگەن ئىكەندۇر.

مۇھەممەدنى باباسى ساقلىغاندۇر،
يالاڭاچ ـ ئاچلارنى يوقلىغاندۇر.

باباسىن بىلىڭىز ئەبدۇلمۇتەللىب،
كۆڭۈلدە ساقلاغايسىز ياخشى بىلىپ.

باباسىنىڭ ئاتاسى ئېردى ھاشىم،
ئىشتىكەندە ئاقادۇر كۆزدە ياشىم.

بىلىڭ تۆرتىنچىسىدۇر ئابدۇلمەناف،
ئۇلارنى بىلسە ھەركىم كۆڭلىدۇر ساف.

رەسۇلنىڭ بىلسە ھەركىم تۆرت پۇشتىن،
قىيامەتدە كىرەر سەككىز بېھىشتىن.

باباسى يەتتە ياشدا ئۆلۈپدۇر،
رەسۇلنى ئەممەسگە بېرىپدۇر.

ئەبۇ تالىب ئەلىنى ئاتاسىدۇر،
قامۇغ ئەئرابىلارنى كاتتاسىدۇر.

ئەبۇ تالىب بولادۇر ئىش باشدا،
مۇھەممەد ئولتۇرۇر دائىم قاشىدا.

مۇھەممەدنى ياشى ئون يەتتى بولدى،
كى ئول ۋەقدە خەدىچە ئانى كۆردى.

مۇھەممەدنى بىلىڭكىم مىسلى شۇنقار،
خەدىچە ئانى كۆرۈپ بولادۇر زار.

خەدىچە كۆڭلىدە ئانى سۆيەدۇر،
مۇھەممەد ئىشقىدا ئىچى كۆيەدۇر.

كىچە - كۈندۈز تىلەر ئانى خۇدادىن،
بىلىڭىز، ئاقىبەت تاپتى مۇرادىن.

كۆرۈڭىزلەر خۇدانى شىۋەسىنى،
مۇھەممەد باقغان ئىكەن تىۋەسىنى.

خەدىچەگە رەسۇل چاكار بولۇپدۇر،
بۇ بائىس بىرلە بىل ئۇنى ئالىپدۇر.

خەدىچەنى خۇدا بەختىن ئاچىپدۇر،
رەسۇلنىڭ باشىغە دۇرلار ساچىپدۇر.

رەسۇلنى ياشلارى قىرققە يېتىپدۇر،
كى ئاندىن سوڭ خۇدادىن ۋەھيى يېتىپدۇر.

كى ئاندىن سوڭ مۇھەممەد بولدى پادىشاھ،
رەسۇلنى كۆڭلىدە يار بولدى ئەللاھ.

مۇھەممەد ئىشنى ئەللاھ بىتۈردى،
خەلايىق بارچەسى ئىمان كەتۈردى.

رەسۇلنى باشىدا بولدى ئەمامە،
كەمال تاپتى ئۇتتۇز ئۈچمىڭ سەھابە.

رەسۇلغە بارچەسى خىزمەت قىلادۇر،
ئەدەب بىرلە يۈرۈپ ئىززەت قىلادۇر.

رەسۇل ئالدىغە بىر يەتىم كېلىپدۇر،
غەرىبۇ مۇبتەلامەن دەپ ئايىپدۇر.

رەھىم قىلدى رەسۇل ئانى ھالىغە،
تىلەگەنىن ئانى بەردى قولىغە.

رەسۇل ئايدى ئاڭا: مەن ھەم يېتىممەن،
يېتىملىكدە، غەرىبلىكدە يەتىپمەن.

مۇھەممەد ئايدىلار: ھەركىم يەتىمدۇر،
بىلىڭىز، ئول مېنىڭ خاس ئۇممەتىمدۇر.

يەتىمنى كۆرسەڭىز ئاغرىتماڭىزلەر،
غەرىبنى كۆرسەڭىز داغ ئەتمەڭىزلەر.

يەتىملەر بۇ جەھاندا خار ئىكەندۇر،
غەرىبلەرنىڭ ئىشى دۇشۋار ئىكەندۇر.

غەرىبلەرنى ئىشى دائىم سۇلۇكدۇر،
تىرىك ئېرمەس، غەرىب مىسلى ئۆلۈكدۇر.

خۇدايىغە غەرىبلەر بەلگۈلۈكدۇر،
غەرىبنى ئەرتە ـ ئاخشام سورغۇلۇغدۇر.

سىفەت قىلسام، ئەلى شىرى خۇدادۇر،
كى شەمشىر بىرلە كافىرنى قىرادۇر.

كافىرلارنى قىلۇر ئىمانغە دەئۋەت،
بىرەدۇر ھەر زەمان ئىسلامغە قۇۋۋەت.

كى مۆئمىن بولغانىن ئالىپ كېلەدۇر،
قەبۇل قىلماغانىن چاپىپ كېلەدۇر.

كى شەمشىر قولغە ئالىپ مىنسە دۇلدۇل،
تۈشەدۇر قەۋمى كافىرلارغە غۇلغۇل.

قولىداغى ياراغى زۇلفىقارى،
چاپۇشقاندا ئۈزالۇر قىرق قارى.

ئەلىنىڭ بار ئىدى ئون سەككىز ئوغلى،
ئانىڭ ھەرقايىسىسىدۇر كاتتا تۇغلى.

ئەلى ئىسلام ئۈچۈن قانلار يۇتادۇر،
كى ئىسلام تۇغىنى مەھكەم تۇتادۇر.

خوجا ئەھمەد بىل غەربىلىككە تۈشۈپدۇر،
رەسۇل ئەۋلادىغە سۆزلەر قاتىپدۇر.



## 37 ـ ھېكمەت

«ئەل كەززابۇ لا ئۈممەتى»[1] دېدى، بىلىڭ مۇھەممەد،
يالغانچىلار قەۋمىنى ئۈممەت دېمەس مۇھەممەد.

توغرى يۈرگەن قۇلىنى، ھەقنى ئىزلەپ يولىنى،
راست يۈرگەن قۇلىنى ئۈممەت دېگەي مۇھەممەد.

ھەركىم ئۈممەتمەن دېسە، رەسۇل ئىشىن قويماسە،
شەفائەت كۆنى بولسە مەھرۇم قويماس مۇھەممەد.

تەڭرى تەئالا سۆزىن، رەسۇلۇللاھ سۈننەتىن،
ئىشەنمەگەن ئۈممەتنى ئۈممەت دېمەس مۇھەممەد.

ئۈممەتمەن دەپ يۈرۈرسەن، بۇيرۇغىنى قىلماسسەن،
نېچۈك ئۈمىد تۇتارسەن، ئاندا سورماس مۇھەممەد.

مۇشكىلدۇر، ئاسىي بەندە، ئۈممەت دېمەسە ئاندە،
رەسۋا بولۇر مەھشەردە، ئۈممەت دېمەس مۇھەممەد.

ئۈممەت دېگەي مۇھەممەد، چىن سۆزلەسە قۇل ئەھمەد،
تاڭلا بولسا قىيامەت، مەھرۇم قويماس مۇھەممەد.

---

① ئەل كەززابۇ لا ئۈممەتى ــ يالغانچى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئە-
مەستۇر.

# 38 ـ ھېكمەت

نۇرى خۇدا، دوستى خۇدا ئول مۇستەفا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل، بىلدىڭىزمۇ؟
دۇرۇدى ھۇدا، ۋىردى ھۇدا، ھەق مۇستەفا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل، بىلدىڭىزمۇ؟

كىملەر ئۈچۈن گىريان قىلدى كۆزلەرىنى،
ئۈممەت ئۈچۈن بىريان[1] قىلدى ئۆزلەرىنى،
ئۈممەت بولساڭ ئاڭلا ئۇشبۇ سۆزلەرىنى،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل، بىلدىڭىزمۇ؟

يىغلاي ـ يىغلاي يۈز ـ كۆزلەرى شىشتى كۆرۈڭ،
قىيام تۇرۇپ ئاياغلارى شىشتى كۆرۈڭ،
ئۈممەت ئۈچۈن قايغۇ ـ مىھنەت چەكتى كۆرۈڭ،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل، بىلدىڭىزمۇ؟

ئايا دوستلار، بۇنى بىلۈر ئۈممەت قانى؟
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ئارتۇق نېئمەت قانى؟
قىيامەت كۈن ئاندىن ئوزا شەفقەت قانى؟
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل، بىلدىڭىزمۇ؟

---

① بىريان ـــ كاۋاپ.

ئۈممەت بولۇپ رەسۇل قەدرىن بىلدىڭىزمۇ؟
تەن ـ جان بىرلە سۈننەتلەرىن قىلدىڭىزمۇ؟
رەسۇل ئۈچۈن زار ئىڭراپان ئۆتتىڭىزمۇ؟
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

ھەيھات ـ ھەيھات، سەئادەتدۇر ئول مۇستەفا،
ھەيھات ـ ھەيھات، غەنىمەتدۇر ئول مۇستەفا،
ھەيھات ـ ھەيھات، ئىنايەتدۇر ئول مۇستەفا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

قۇل خوجا ئەھمەد، سۆزلەر سۆزۈڭ تىلىم كەفا،
«ئۈممەتلەرىم، قىلغىل ۋەفا، قىلما جەفا»،
ئۈممەتىگە مۇنداغ دىدى ھەق مۇستەفا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟



# 39 ـ ھېكمەت

بىزدىن دۇرۇدى بىسيار[1]، يا مۇستەفا مۇھەممەد،
تەھىييەتى بىشۇمار[2]، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

يا سەييىدۇل ـ مۇرسەلىن[3]، يا خاتەمەن ـ نەبىيىين[4]
يا ھادىييەل ـ مۇزىللىن[5]، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

يا «ئەييۇھەل ـ مۇددەسسىر»[6] ھەق ئايدى: «قۇم فەئەنزىر»[7]
«ۋە رەببىكە فەكەببىر»، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ھەزرەتىدەسەن مۇئەززەم، قۇدرەتىدەسەن مۇكەررەم،
ئەنبىياغە مۇقەددەم، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

---

① دۇرۇدى بىسيار ــ نۇرغۇن، ساناقسىز ماقتاش.
② تەھىييەتۇ بىشۇمار ــ ساناقسىز سالام.
③ سەييىدۇل ـ مۇرسەلىن ــ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇستۇنى، ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.
④ خاتەمەنەن ـ نەبىييىن ــ نەبىلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ھەزرىتى پەيغەمبەر.
⑤ ھادىيەل ـ مۇزىللىن ــ ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان؛ ئاللاھ.
⑥ ئەييۇھەل ـ مۇددەسسىر ــ «ئەي كىيىمگە ئورالغان» ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتاب . (قاراڭ: قۇرئانى كەرىم، مۇززەممىل سۈرىسى 1 ـ ئايەت، 73 / 1)
⑦ قۇم فەئەنزىر ــ «تۇر، ئاگاھلاندۇر...» (قاراڭ: قۇرئانى كەرىم، مۇددەسسىر سۈرىسى 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر، 74 / 1)

سەنسەن ھەبىبى خالىق، ھەق دەرگەھىغە لايىق،
خۇلاسەئى خەلايىق، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ئەسلى ۋۇجۇدى ئادەم، مۇرسەل نەبىيى ھاتەم،
رازى نىھانغا[1] مەھرەم، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

تۇبىيۇ قابە قەۋسەين[2] ، قەمەرى باغى كەۋنەين[3]
بارچەغە قۇررەت ئەينەين[4]، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ئەرشى كۇرسىدىن ئاشقان، ھەزرەتىگە ئۇلاشقان،
توقسان مىڭ راز ئېيتىشكە، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

يەر، كۆك ئېرۇر مەئمۇرۇڭ، سەھابەلەر مەنزۇرۇڭ،
جۇملە ئۇممەت مەغفۇرۇڭ، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ھەركىمگە بولسە مەيلىڭ، كۆتەرۇر ھەق ئەزابىن،
ئۇچماغ سارى يوللانۇر، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

جانىم فىداسى قىلسام، خوشنۇدلۇقۇڭنى ئالسام،
ئەرمان يوق ئېردى ئۆلسەم، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

گەرچە كۆپدۇر گۇناھىم، كەچۇرگەيسەن ئىلاھىم،
سەنسەن مېنىڭ پەناھىم، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

---

① رازى نىھان ـــ مەخپىي تۇتۇلىدىغان سىر.
② قابە قەۋسەين ـــ «ئىككى ياي ئارىلىقىچىلىك...» (قاراڭ قۇرئانى كەرىم نەجم سۈرىسى 9 ـ ئايەت، 53 / 9)
③ كەۋنەين باغى ـــ بارلىقلار باغچەسى.
④ قۇدرەت ئەينەين ـــ كۆزلەر قارىچۇغى.

يا رەب، نىچۇك قىلغايمەن شەفائەتىڭ ئالغايمەن،
ئۈممەتىڭدىن بولغايمەن، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ئۈممەتىڭدىن بولغانلار، شەفائەتىن ئالغانلار،
ئەھلى بىھىشت بولغانلار، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

ئەھمەد مۇرادى سەنسەن، زىكرىيۇ يادى سەنسەن،
ئىشلار كۈشادى سەنسەن، يا مۇستەفا مۇھەممەد.

## 40 ـ ھېكمەت

ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە سەرۋەر بولغان مۇھەممەد،
ئوتتۇز ئۈچمىڭ ئەسھابگە رەھبەر بولغان مۇھەممەد.

يالاڭئاچۇ ئاچلىققا قەنائەتلىغ مۇھەممەد،
ئاسىي ـ جافىي ئۈممەتغە شەفائەتلىغ مۇھەممەد.

تۈنلەر ياتىپ ئۇيۇماس تىلاۋەتلىغ مۇھەممەد،
غەرىب بىرلە يەتىمغە، مۇرۇۋۋەتلىغ مۇھەممەد.

يولدىن ئازغان گۇمراھغە ھىدايەتلىغ مۇھەممەد،
مۇھتىم تۈشسە ھەركىمغە كىفايەتلىغ مۇھەممەد.

بۇ جەھلۇ، بۇ لەھەبغە سىياسەتلىغ مۇھەممەد،
مالامەتنى سابۇنى، سەلامەتلىغ مۇھەممەد.

نەماز، روزە قىلغۇچى ئىبادەتلىغ مۇھەممەد،
تىنماي تەسبىھ ئايتغۇچى، رىيازەتلىغ مۇھەممەد.

مەلئۇن لەئىن شەيتانغە سىياسەتلىغ مۇھەممەد،
شەرىئەتنىڭ يولىغە ئىنايەتلىغ مۇھەممەد.

تەرىقەتكە رەھنەما ئىرادەتلىغ مۇھەممەد،
ھەقىقەتغە مۇقتەدا[1]، ئىجازەتلىغ مۇھەممەد.

---

① مۇقتەدا ـــ باشلىغۇچى، رەھبەر.

دۇئالارى مۇستەجەب[1]، ئىجابەتلىغ مۇھەممەد،
يامانلىقتا ياخشىلىق، كەرامەتلىغ مۇھەممەد.

تەۋفىق بەرگەن زالىمغە، جەلالەتلىغ مۇھەممەد،
سەجدە قىلغان ئىبگىلىپ ئىتائەتلىغ مۇھەممەد.

بەش ۋەقت نەماز بولغاندا ئىمامەتلىغ مۇھەممەد،
مېئراج ئاشىپ بارغاندا شەھادەتلىغ مۇھەممەد.

ئەرشۇ كۈرسى بازارى، ئىنايەتلىغ مۇھەممەد،
سەككىز بېھىشت ئىگەسى ۋىلايەتلىغ مۇھەممەد.

مىسكىن ئەھمەد قۇلغە كىتابەتلىغ مۇھەممەد،
يەتىم، فەقىر، غەرىبغە سەخاۋەتلىغ مۇھەممەد.



① مۇستەجەب ــ قاندۇرۇلىدىغان، قوبۇل قىلىنىدىغان.

# 41 ـ ھېكمەت

باشمغە تۇشۇپ نەئرەئى سەۋدايى مۇھەممەد،
مەن ئانى ئۇچۇن كويىدا شەيدايى مۇھەممەد.

كىم ئۇممەتىدۇر ھەمدۇ سەنا تىنمايىن ئايتۇر،
پاكا، سەمەدا، ئەيلە مېنى رەسۋايى مۇھەممەد.

كۆڭلۈمگە سالىپ ئىشقى مۇھەببەتنى ئىلاھىم،
قىلغىل مېنى سەن ئاشقى يەكتايى مۇھەممەد.

مانەندەئى مەجنۇن[1] كەچۈرۈپ ئىككى جەھاندىن،
دىۋانە قىلىپ، قىل مېنى رەسۋايى مۇھەممەد.

ئۆلتۈرگىلۇ، كۆيدۈرگىلۇ ھەر مېھنەتى سالغىل،
ئول روزى جەزا قىل مېنى شەيدايى مۇھەممەد.

دائىم غەمى ئۇممەت يېدىيۇ، يېمەدى نېئمەت،
كەرامەتىدۇرسەن، قانى غەمخايى مۇھەممەد

ئۇممەت دەيۇبان كېچەيۇ كۈندۈز يېدى ھەسرەت،
كۆكسىدىن چىقارۇر پۇرخۇنى دىلخايى مۇھەممەد.

---

[1] مانەندەئى مەجنۇن ــ مەجنۇنلارچە، مەجنۇن سۈپەت.

ئۆممەت گۇنەھىن تىلەپ ئۇل شاھى شاھىنشاھ،
ئۇل روزى جەزا يوق بىزدە پەرۋايى مۇھەممەد.

كەچكىل ھەممەدىن ئىزلە مۇھەممەدنى رىزاسىن،
ۋەللاھ، بولاسەن لەھزەدە گويايى مۇھەممەد.

سەندىن تىلەكىم بۇدۇر، ئەي خالىقى بىچۇن،
سالغىل قۇلاقىمغە مېنىڭ غەۋغايى مۇھەممەد.

مەن ئۆرگىلەيىن خۇش كەرەمىڭدىن سېنى ئاللاھ،
بىر قەترە كەتۈرگىل ماڭا دەريايى مۇھەممەد.

يول بەرگۈچى رەھمانۇ رەھىم، غەففۇرۇ سەتتار،
قىلما مېنى شەرمەندەئى گۇمراھى مۇھەممەد.

بىر قەترەئى مەي ئۇل جامى ئەلەستدىن ماڭا ئىنئام،
قىلغىل، بولايىن ھەمدىگە دانايى مۇھەممەد.

رۇيى سىيەھلىك سۇر قەدەمى پىرى مۇغانغە
لۇتف ئەتسە، بىرۇر دىيدەئى بىنايى مۇھەممەد.

مەقسۇدىمە يەتكۈر مېنى، ئەي خالىقى بىچۇن،
مەن دەر تەلەبى زۇلفى سۇمەن سايى مۇھەممەد.

يۈزدىن كۆتەرىپ پەردەنى مىسكىن سارى باقغىل،
مەن بەندەئى ئۇل مۇيى سىياھ پايى مۇھەممەد.

مىسكىن يەسسەۋي ئاررزۇيى رەۋزەئى ھەزرەت،
بولغايمۇ مۇيەسسەر خاكى كەفى پايى مۇھەممەد.

# 42 ـ ھېكمەت

كۆرگەن زەمان ئىنانغان ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر،
ئۈستۈن بولۇپ تايانغان ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

مۇڭداشقاندا يىغلاغان، قۇللۇقلە بەل باغلاغان،
ئىچ ـ باغرىنى داغلاغان ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

بىر سۆزىدىن قايتماغان، سىرىن ھەرگىز ئايتماغان،
غافىل بولۇپ ياتماغان ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

جان جانانغە قاۋشۇرغان، قىزىن قولدىن تاپشۇرغان،
قول قاۋشۇرۇپ يالبارغان، ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

ئايتقان سۆزىگە يەتكەن، نەفسۇ ھەۋادىن كەتكەن،
ھەق رەسۇلنى بەركىتكەن ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

مۇھەممەدكە قايناتا، قىلغان ئەمەس ھېچ خەتا،
بويىنغا سالغان فوتا ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر

قۇل خوجا ئەھمەد، قىل تەسدىق، يارى غارىڭ قىل تەفرىق،
ئارىفلىقدە بىل سادىق، ئەبۇ بەكر سىددىقدۇر.

## 43 ـ ھېكمەت

ئىككىنچىسى يار بولغان ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر،
مۇئىننىلغدە يار بولغان ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

بىلالغە ئەزان ئايتۇرغان، شەرىئەتنى بىلدۇرگەن،
دىن سۆزىنى ئۇقتۇرغان ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

كەئبە ئىشىكىن ئاچتۇرغان، بارچە بۇتنى چاقتۇرغان،
رەسۇل كۆڭلىن تىندۇرغان ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

شەرىئەتنى پاس[1] تۇتقان، تەرىقەتنى راست تۇتقان،
ھەقىقەتنى خوپ بىلگەن ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

ئوغلىن چارلاپ كەلتۈرگەن، دەررە ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن،
ئەدل قىلىپ يول سورىغان ئادالەتلىغ ئۆمەردۇر

چىراغ بولۇپ ئۆچمەگەن، دىن يولىدىن تانماغان،
ناھەق ئىشنى ئەتمەگەن ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

مىسكىن ئەھمەد قىلغىل ياد، ئەيلە ئەجزىڭنى بۇنياد،
مەگەر روھى قىلغاي شاد ئەدالەتلىغ ئۆمەردۇر.

---

① پاس ـــ قوغدىغۇچى، مۇھاپىزەتچى، ② تامالاش، ئەمەل قىلىش.

# 44 ـ ھېكمەت

ئۆچىنچى دوستى يار بولغان ئوسمانى باھەيادۇر،
ھەر نەفەستە يار بولغان ئوسمانى باھەيادۇر.

ھەق رەسۇلنىڭ دامادى، دىنىمىزنى ئابادى،
بەندەلەرنى ئازادى ئوسمانى باھەيادۇر.

ئوقۇغانى شاتىبى، ئايەت، ھەدىس كاتىبى
مىنبەر ئۆزرە خاتىبى ئوسمانى باھەيادۇر.

مۇناجاتى كۆھى تۇر، ئالغانلارى ئىككى نۇر،
ئايتقانلارى بارچە دۇر ئوسمانى باھەيادۇر.

كۆپلەر كېلىپ پىيادە، قويمادىلار شەھزادە،
شەھىد قىلدىلار ئاندە ئوسمانى باھەيادۇر.

تەۋسىف قىلدىڭ ئۇسماننى، خوجا ئەھمەد سەن ئانى،
يوقدۇر شەكۇ گۇمانى ئوسمانى باھەيادۇر.

# 45 ـ ھېكمەت

تۆرتىنچىسى يار بولغان شىرى خۇدا[1] ئەلدۇر،
ھەم مىراجدا يار بولغان شىرى خۇدا ئەلدۇر.

ئايىتقان سۆزى رەھمانى، كۆرسەڭ يۈزى نۇرانى،
كافىرلارنى قىرانى، شىرى خۇدا ئەلدۇر.

ھىممەت قۇرى بېلىدە، مەۋلام يادى تىلىدە،
زۇلفىقارى ئېلىدە، شىرى خۇدا ئەلدۇر.

مىنىپ چىقسە دۇلدۇلغە، يەرگە تۈشەر زىلزىلە،
كافىرلارغە غۇلغۇلە، شىرى خۇدا ئەلدۇر.

دۈشمەنلەرگە مۇقابىل، بولدى كافىرغە قاتىل،
قىلغان باتىلنى زايىل شىرى خۇدا ئەلدۇر.

رەھمەت قىلغاي بىرۇ بار، ھەرنە قىلسا ئەركى بار،
خوجا ئەھمەدكە مەدەدكار شىرى خۇدا ئەلدۇر.

---

① شىرى خۇدا ــ ھەزرىتى ئەلىنىڭ لەقىمى، ئاللاھنىڭ ئارسلانى، خۇدانىڭ شىرى دېگەن مەنىدە.

# 46 ـ هېكمەت

بىر كۈن كەلدى ئەبۇبەكر سەلمان بىرلە،
ھەق مۇستەفا رازىن ئاچتى رەھمان بىرلە،
بارچە بارۇر بۇ دۇنيادىن ئەرمان بىرلە،
ئەلكىن بولۇپ ھەققە ۋاسىل بولماق ئۈچۈن.

ئەزرائىل بىر كۈن كەلدى فەرمان بىرلە،
فاتىمە سەلام بەردى ئىكرام بىرلە،
ھەق مۇستەفا مەشغۇل بولدى ئىمان بىرلە،
ئىسسىغ تەندىن ئەزىز جاننى بەرمەك ئۈچۈن.

رەسۇل ئايدى: ساھابەلەر بىھل بولۇڭ،
ئاخىرەتكە ئۈلاندۇق سىز ئانىق بىلىڭ،
روزە تۇتۇڭ، نەماز ئوقۇڭ، زەكات بېرىڭ،
جەھەننەمدىن ئۆزنى ئازاد قىلماق ئۈچۈن.

دۈشەنبە كۈن ھەق مۇستەفا دۇنيا قويدى،
ھەق تەئالا فەرمانىغە بويۇن سۇندى،
ئىبنى ئەبباس سۇنى قۇيدى، ئەلى يۇدى،
ئۈچماغ ئىچرە ھۇللە تونىن كىيمەك ئۈچۈن.

«ئاللاھ!» دېبان ساھابەلەر تەبرەندىلەر،
پەيغەمبەرنى جىنازەسىن كۆتەردىلەر،

ئۇل «سىدرەتۇل ـ مۇنتەھا[1]»غە ئاشۇردىلار،
ئەرش ئۈستىگە تەگۈرۈبان قويماق ئۈچۈن.

ئاسماندىغى فەرىشتەلەر يەرگە ئىندى،
پەيغەمبەرنىڭ نۇرى بىرلە ئالەم تولدى،
«بابام» تېيۇ ئۇل فاتىمە گىريان قىلدى،
داداسىدىن يەتىم بولۇپ قالماق ئۈچۈن.

قۇل خوجا ئەھمەد گەۋھەر كەبى ھېكمەت ئايدى،
ئەرەنلەرگە خىزمەت قىلىپ نەزەر تاپدى،
توقسان توققۇزمىڭ ھېكمەت ئايتىپ داستان قىلدى،
داستان قىلىپ بوستان ئىچرە يۈرمەك ئۈچۈن.



① سىدرەتۇل ـ مۇنتەھا ــ جەننەتتىكى ئەڭ يۈكسەك ئورۇن، 7 ـ ئاسماندا ئەرشنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخ.

# 47 ـ ھېكمەت

ئۇل «ئەلەستۇ بىرەببىكۇم» دېگەنىندە،
«قالۇ بەلا» دېگەنىمنى بىلەلمەسمەن.
«ۋەما دىنۇكۇم» دەپ يەنە سورغانىندە،
«دىنىم ئىسلام» دېگەنىمنى بىلەلمەسمەن.

ئىلاھىمدىن يەنە ئۈچ يول كەلدى خىتاب،
مۆئمىن ئەرۋاھ «رەببىمسەن» دەپ بەردى جەۋاب،
جەۋاب ئايتماغاننى كافىر قىلدى ئىزىم ۋەھھاب،
مەن ھەم جەۋاب ئايتقانىمنى بىلەلمەسمەن.

جۇملە روھقا شول سائەتتە فەرمان يەتدى،
فەرمان بولغاچ دەم ئۆتمەستىن سەف قۇرۇلدى،
كافىر سولدا، مۆئمىن بەندە ئوڭدا تۇردى،
قايسى تەرەف تۇرغانىمنى بىلەلمەسمەن.

سەجدە قىل دەپ يەنە ھەقدىن فەرمان بولدى،
سەجدە قىلىپ بارچە مۆئمىن ئۇلۇش ئالدى،
سەجدە قىلماي قالغانلارى كافىر بولدى،
مەن ھەم سەجدە قىلغانىمنى بىلەلمەسمەن.

ئەي مۆئمىنلەر ۋەھمى بىرلە بولدۇم گىريان،
بۇ غەم بىرلە ئەقلىم ھەيران، يۈرەكىم قان.

تەندىن ئۆتتۈپ، دىلدىن ئۆتتۈپ ئۆرتەدى جان،
نېچۈك ئىلاج قىلارىمنى بىلەلمەسمەن.

خۇدايىمنى قۇدرەتىگە يېتىپ بولماس،
شەقى ـ سەئىد ئەمر قىلدى، بىلىپ بولماس،
تاقەت قىلىپ خەلق ئىچىندە تۇرۇپ بولماس،
قايسى تەرەپ كېتەرىمنى بىلەلمەسمەن.

بىرنى گەبرۇ[1]، بىرنى تەرسا، جوھۇد قىلدى،
بىرنى مۆئمىن، بىرنى كافىر، يەھۇد قىلدى،
ئەزازىلنى دەرگەھدىن مەردۇد[2] قىلدى.
نە سەبەبدىن قىلغانىنى بىلەلمەسمەن.

گۇناھىم كۆپ، تاغدىن ئاغىر، تائەتىم ئاز،
تائەت قىلماي ئۆمرۈم ئۆتتى قىشۇ ھەم ياز،
دەرگاھىغا بارۇر بولسام، يوقتۇر نىياز،
نە يۈز بىرلە بارارىمنى بىلەلمەسمەن.

جاندىن كەچكەن چىن ئاشىقلار ئۆزىن كۆردى،
روزى ئەزەل يەنە بىرنى ئاشىق قىلدى،
لۇتفۇ كەرەم ئەيلەپ ئاڭا ئىشقىن سالدى،
ئاندا دىدار كۆرەرىمنى بىلەلمەسمەن.

زاھىد قىلدى يەنە بىرنى تائەت ئۈچۈن،
زاھىد يەنە تائەت قىلمىش راھەت ئۈچۈن،

① گەبر ـــ مەجۇسى، ئوتقا چوقۇنىدىغان.
② مەردۇد ـــ رەت قىلىنغان، قوغلىۋېتىلگەن، قوبۇل قىلىنمىغان.

هۆرۇ غۇلمان، تۇبا[1] ۋىلدان جەننەت ئۈچۈن،
زاھىد دىدار كۆرەرىمنى بىلەلمەسمەن.

ئاخىرەتنى يارۇغىنى قىلالمادىم،
يوللار ئۇزاق، يول ئازۇقىن ئالالمادىم،
جاندىن كېچىپ ھەق ئەمرىنى قىلالمادىم،
ئوزۇقسىزىن بارارىمنى بىلەلمەسمەن.

تۇيماي قالدىم، دەم ئۆتمەيىن ئۆمرۈم ئۆتتى،
مەلەكۇل ـ مەۋت[2] كەلمەكى ھەم ياۋۇق يەتتى،
ئايا دوستلار، ئامالسىزمەن باشىم قاتتى،
نە ھال بىرلە كېتەرىمنى بىلەلمەسمەن.

بىر پۇرسەتدە يېتىپ كەلمەي ئۆتمەي سائەت،
ھەيبەتگە يەرۇ كۆكلەر قىلماس تاقەت،
فەرمان بولسا ئىلاھىمدىن مەلەكۇل ـ مەۋت،
قانداق تاقەت قىلارىمنى بىلەلمەسمەن.

جان ئالۇرغە ئول ئەزرائىل كېلىپ تۇرسا،
جانىڭ بەر دەپ ھەيبەت بىرلە جەنق ئۇرسا،
ئۈچيۈز ئاتمىش تامۇرلارىم تىترەر بولسا،
نە ھال بىرلە بارارىمنى بىلەلمەسمەن.

ئەھلى ئەيال يۈزۈڭ سارى قاراپ تۇرغاي،
قاراپ تۇرۇپ سۆز ئايتۇرغا تىلىڭ كەلمەي،

---

① تۇبا — گۈزەللىك، ياخشىلىق، جەننەتتىكى دەرەخ.
② مەلەكۇل ـ مەۋت — ئەزرائىل، ئۆلۈم پەرىشتىسى.

رەھم ئەتمەسە ياقىن ئىشلىك يىراق بولغاي،
ھەيران بولۇپ نىتەرىمنى بىلەلمەسمەن.

خۇدايىمنى ئەمرى بىرلە جانىم ئالسا،
جانىم ئاندا بارىپ تېنىم مۇندا قالسا،
رەڭگىم مىسلى بەرگى خەزان ياڭلىغ سولسا،
ئىمان بىرلە بارارىمنى بىلەلمەسمەن.

ئەھلى ئەيال قورشاپ تۇرغاي يىغلاپ سىنى،
يۇۋغۇچىلار تەختە ئۇززە ئالغاي سىنى،
سۇنى قۇيۇپ پاك ئەيلەگەي زاھىرىمنى،
باتىنىمنى يۇۋغانىنى بىلەلمەسمەن.

ئاندىن سوڭرە كەفەن تونىن كىيدۇرگەيلەر،
پاكۇ ناپاك مىنى سالىپ چۇلغاغايلار.
باش - ئاياغىم مەھكەم تۇتۇپ باغلاغايلار،
تەۋبە تونىن كىيگەنىمنى بىلەلمەسمەن.

ئاندىن سوڭرە مىنى سالىپ رەۋان بولسا،
يەتمىش ئىككى يەردە مەندىن سوئال سورسا،
جەۋاب بەر دەپ فەرىشتەلەر ۋەھشەت قىلسا،
قانداق جەۋاب بىرەرىمنى بىلەلمەسمەن.

تابۇت بىرلە ئالىپ تۇرسا گۆر باشىندا،
يارانلارىم يىغلاپ تۇرغاي كۆپ قاشىمدا،
يالغۇز يىغلاپ تۇرغۇم ئىرۇر ئەل باشىمدا،
ئاندا قانداق قىلارىمنى بىلەلمەسمەن.

مېنى قويۇپ يەتتە قەدەم كېتەر بولسە،
مۇنكىر ـ نەكىر ئاشۇ دەمدە كىرىپ كەلسە،
«مەن رەببۇك» دەپ فەرىشتەلەر قاراپ تۇرسە،
«رەببىم ئاللاھ» دېگەنىمنى بىلەلمەسمەن.

قۇل خوجا ئەھمەد، مەنزىل خەتەر، يوللار يىراق،
بارۇر يېرىك ياۋۇقتۇرۇر بارمۇ ياراق،
تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى بىلگەن ئالدى ياراق،
مەن ھەم تەۋبە قىلغانىمنى بىلەلمەسمەن.



## 48 ـ ھېكمەت

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدا غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنىڭ گەۋھەرىنى ئالغۇم كېلۇر،
تەرىقەتنى مەيدانىدا پەرۋاز قىلىپ،
ئۇل تۇبا دەرەخىگە قونغۇم كېلۇر

ئۇل تۇبا دەرەختىنى ئەكسە بىتمەس،
ئاللاھ دېگەن ئاشىق قۇلدىن تەقسىر كەلمەس،
چىن ئاشىق ئەرەن ھەرگىز يولدا قالماس،
ئاشىق بولۇپ ئاللاھ يادىن ئايتقۇم كېلۇر.

ئاشىق قۇللار ھەق يادىدىن خالىي ئەمەس،
ھەقىقەتلىغ بۇ دۇنياغا مەيل قىلماس،
چىن ئاشىقلار دۇنيا ئۇقبىن ھەرگىز ئالماس،
مەن ھەم تەقى بۇ دۇنيانى قويغۇم كېلۇر

تەجەللىنى نۇرى بىرلە ئەقلى شاشقان،
ئاللاھ تېيۇ كۆكۈل باغلاپ تۇرنى ئاشقان،
مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىرلە قايناپ تاشقان،
مەن ھەم تەقى ئاللاھ تېيۇ بارغۇم كېلۇر.

ئاللاھ يادى كۆكۈللەرنى قىلدى خۇررەم،
بەلخ مۇلكىنى تاشلاپ گىلەم كىيدى ئەدھەم،

گىلەم كىيىپ ھىدايەتكە ئۇردى قەدەم،
ھىدايەتكە ئانداغ قەدەم ئۇرغۇم كېلۇر.

گىلەم كىيگەن ئول ئەزىزلەر ھەققە ياقار،
چۈن سىرلارى دۇكان ئىچرە ھەقنى تاپار،
ئاھلارىدىن تىلىم تاغلار سىزىپ ئاقار،
سەلىم بولۇپ ئول گىلەمنى كىيگۇم كېلۇر.

سەلىم بولۇپ ساق بولدى جۇنەيد، شىبلىي،
نەفسىن تاپىپ قەھر قىلدى ھەسەن بەسرىي،
ھەقنى قويۇپ فەنا بولدى زۇننۇن مىسرىي،
ئەزىزلەرگە مۇتائبەت[1] قىلغۇم كېلۇر.

ئاللاھ يادى تەكەببۇرنى ئۆيىن بۇزدى،
مەشايىخلەر بۇ ھەلقەنى كۆركلۈگ تۈزدى،
چۈن ھۇ دېدىم مەئسىيەتلەر تۆزگە توزدى،
مەن ھەم تەقى ئول ھەلقەدە بولغۇم كېلۇر.

شەۋق شارابىن ئىچتىم ئەرسە قىلدى خەراب،
مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىرلە باغرىم كەباب،
دىدارىنى روزى قىلسە ئىزىم ۋەھھاب،
دارۇسسەلام سەرايىغە كىرگۈم كېلۇر.

قۇل خوجا ئەھمەد گەۋھەر كەبى ھېكمەت ئايتىدى،
ئەزىزلەرنى مەدھى بىرلە سۆزىن يايدى،
ئۇزۇن تۈننى كۈنگە ئۇلاپ قىيا تۇردى،
دۇئا ئوقۇپ رەۋان ھېكمەت ئايتقۇم كېلۇر

---

① مۇتائبەت ـــ ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق.

# 49 ـ ھېكمەت

قايسى يەردە ئەزىزلەرنى جەمئى بولسە،
ئوشال يەردە هال ئىلمىنى ئايغۇم كېلۇر.
ئالارنى سۆھبەتىنى خۇشلاسام مەن،
ئۆزۈمنى ھەم ئۆزلەرىغە قاتغۇم كېلۇر.

خۇش سۆھبەتلىغ دەرۋىشلەرگە جانىم بەرسەم،
ھەربىر باسقان ئىزلارىنى كۆزگە سۇرسەم،
خىزمەت قىلىپ ياخشىلاردىن دۇئا ئالسام،
ئاندىن سوڭرە شەۋق شەرابىن تاتقۇم كېلۇر.

شەۋق شەرابىن ئىچكەن قىلۇر دۇنيا تەلاق،
خىزىر بابام كېلىپ بىرۇر ئاڭا سەباق،
دۇنيا تېپىپ، قىلىپ يۈرگىل يۈزمىڭ تەلاق،
شۇنداغ ئەرگە ئەزىز جانىم بەرگۈم كېلۇر.

ۋادەرىغا، خوبلار ھەمە يىغلىپ ئۆتتى،
ئاناسىدىن تۇغدى ئەرسە ماتەم تۇتتى،
كۆزۈم يۇمۇپ تا ئاچقۇنچە ئۆمرۈم ئۆتتى،
بۇ دۇنيانى پۇچەك پۇلغا ساتقۇم كېلۇر.

تىلى بىرلە ئۈممەتمەن دەپ يالغان سۆزلەر،
كىشى مالىن ئالماق ئۈچۈن ھەزيان[1] سۆزلەر،

---

① ھەزيان ــ ئالجىقا سۆزلىمەك، چالۋاقىماق.

ھەلالنى مۇندا تاشلاپ ھەرام كۆزلەر،
نادانلارغە بۇ سۆزلەرنى ئايتغۇم كېلۇر.

بۇ زەمانە ئاخىر بولسە ئاقىل كەتكەي،
ئادەم ئوغلى بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ يېگەي،
دۇنيا ئۆچۈن ئىمان ئىسلام دىنىن ساتقاي،
ئاقىللارغە بۇ سۆزلەرنى ئايغۇم كېلۇر.

مەلايىكلەر يىغلىپ بىر كۈن سۆھبەت قۇردى،
رەقسۇ سەماغ ئۇرماق[1] ئۆچۈن يۈگرۈپ يۈردى،
مېئراج ئۆززە ھەق مۇستەفا مۇنى كۆردى،
ئەمدى مەن ھەم رەقسۇ سەماغ ئۇرغۇم كېلۇر.

ھەق مۇستەفا بىھۇش بولۇپ ئۆزدىن كەتدى،
جىبرىل كېلىپ ھەق مۇستەفا باشىن تۇتتى،
سۇبھان ئىگەم قۇدرەت بىرلە زىكىر ئۆرگەتتى،
ئۈممەت بولسام مەن ھەم زىكرىن ئايتغۇم كېلۇر.

ئاشىق بولساڭ كۆز ياشىڭنى ساچىپ يۈرگىل،
بايەزىدتەك دۇنيا ئۇقبىن تېپىپ يۈرگىل،
ئەدھەم كەبى تەختۇ بەختىدىن كېچىپ يۈرگىل،
ھىممەت بەرسەڭ دۇنيا ئۇقبىن تەپكۇم كېلۇر.

قۇل خوجا ئەھمەد، دۇنيا كۆرسەڭ زىنھار قاچقىل،
زىكرىن ئايتىپ تەرىقەتنىڭ يولىن ئاچقىل،
ئايەت، ھەدىس سۆزى بىرلە دىنار ساچقىل،
ئەرەنلەردىن دۇررى گەۋھەر ئالغۇم كېلۇر.

---

① رەقسۇ ساماغ ئۇرماق ــ ئۇسسۇل ۋە ساما ئويىنماق.

# 50 ـ ھېكمەت

مۇھەببەتنى بوستانىغە بۇلبۇل كەبى،
سەھەرلەردە نالە ئەيلەپ قونغۇم كېلۇر.
ئوشال ۋەقتدە ئىلاھىمنىڭ جەمالىنى
مەئنە كۆزى بىرلە ئەيان كۆرگۈم كېلۇر.

مەردان ئېرۇر ھەق يولىنىڭ باشچىلارى،
مۇرىد بىرلە خۇدا ئارا ئەلچىلەرى،
ۋەھدانىيەت [1] دەرياسىنىڭ يولچىلارى،
دەرگاھىغە بارىپ دەربان [2] بولغۇم كېلۇر.

ھەق ۋىسالىن تىلەگەنلەر تۈنۇ كۈنى،
تىنماي جانى بىرلە ئايتۇر زىكرى ھۇنى،
ھەقدىن ئىلھام يېتىپ كېلۇر بىلسەڭ بۇنى،
ئاخىرەتنى ئازۇقنى ئالغۇم كېلۇر.

مۇھەببەتنى ئەساسىنى قولغە ئالىپ،
سەئادەتنىڭ خىرقەسىنى تەنگە سالىپ،
مۇھەببەتنى يۈكى بىرلە قاناتلانىپ،
مەئرىفەتنى بۇتاغىگە قونغۇم كېلۇر.

---

① ۋەھدانىيەت ــ بىرلىك، بىر بولماق، ئاللاھنىڭ زاتىدا، سۈپەتـ
لىرىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە بىر بولۇش.
② دەربان ــ ئىشىكباقار، دەرۋازىۋەن.

ئەرەنلەر بارچە بارىپ بولدى مەزار
قاتىغلانىپ، ئەي دوستلارىم، بولغىل بىدار،
مۇسا سىفەت تۇر تاغىدا كۆرۈپ دىدار،
«رەببەنزۇرۇ ئىلەيكە» دەپ ئايتغۇم كېلۇر.

ۋادەرىغا، ئېسسىز ئۆمۈر بەردىم يەلگە،
ئىبادەتدىن ھېچ نىمە يوق باقسام قولغا،
قۇللۇق قۇرىن كەچ باغلادىم ئەمدى بەلگە،
ھىممەت قىلىپ پىر خىزمەتىن قىلغۇم كېلۇر.

خوش مۆئجىزە بەردى ئىمان ئەتاسىنى[1] ،
تېنىم، جانىم، دىلىم، روھۇم سەۋداسىنى،
سىر قۇلاغىن ئالىپ نالە نىداسىنى،
نىدا ئاڭلاپ جانىم فىدا قىلغۇم كېلۇر.

قۇل خوجا ئەھمەد، دۇن[2] ئەھلىدىن بىل ئەمەس ئول،
رىيازەتسىز ھېچ ئالەمنى كۆرگەزمەس ئول،
ئاللاھ دېمەك مۆئمىن قۇلغە ئار ئەمەس ئول،
ھەق يادىغە جانىم قۇربان قىلغۇم كېلۇر.

① ئەتا — بۇ يەردە «ئاتا قىلماق»، «بېغىشلىماق» دېگەن مەنىدە.
② دۇن — دۇنيا.

## 51 ـ ھېكمەت

مۇھەببەتنىڭ بازارىدا جەۋلان قىلىپ،
ئاخىرەتنىڭ سەۋداسىنى باشلاسام مەن.
بۇ دۇنيانىڭ ئىززەتلەرىن ئارقا تاشلاپ،
خارلىق ـ زارلىق يوللارىنى خۇشلاسام مەن.

بۇ يوللاردا خارلىق ـ زارلىق دەركار ئەرمىش،
تەسبىھ ـ تەھلىل، روزە، نەماز بىكار ئەرمىش،
يالغانچىدىن خۇدا، رەسۇل بىزار ئەرمىش،
يالغان نەماز، رىيالارنى تاشلاسام مەن.

چىن كۆڭۈلدە نەماز قىلغىل خۇدا بىلسۇن،
خەلق ئىزىندە رەسۋا بولغىل ئالەم كۈلسۇن،
تۇفراق كەبى خارلىق تارتقىل نەفسىڭ ئۆلسۇن،
ھىممەت بەرسەڭ نەفسىم يىغىپ يىغلاسام مەن،

دوستلارىمنى رەسۋا قىلغان نەفسى ھەۋا،
ئانىڭ ئۈچۈن شەيتان لەئىن قىلۇر غەۋغا،
لۇتف ئەيلەسەڭ مەنمەنلىكنى قىلاي ئەدا،
رىيازەتتە جانىم قىيناپ ئىشلەسەم مەن.

ئىشق يولىدا قەترە ـ قەترە قانلار يۇتاي،
رەھمان ئاتلىغ رەھمەتىڭدىن ئۈمىد تۇتاي،

جامى شەراب تويا بەرسەڭ جاندىن ئۆتەي،
ھەسرەتىڭدە ئىككى كۆزۈم ياشلاسام مەن.

نەفسىم مېنىڭ ئوتتەك يانىپ يولۇم ئۇردى،
يۈزىمنى تۈرلۈك تەئام تىلەپ دۇكان قۇردى،
ئاغزىن ئاچىپ ھەر ئىشىككە مېنى سۈردى،
ھىممەت بەرسەڭ ئىت نەفسىمنى ئۇشلاسام مەن.

ئىشقىم تاشتى، روھۇم قاچتى، قايدىن تاپاي،
ئارقاسىدىن ئىشق ئاتىن مىنىپ چاپاي،
كىمنى كۆرسەم خىزىر بىلىپ قولىن ئۆپەي،
خىزرۇ ئىلياس مەدەد قىلىپ ئۇشلاسام مەن.

گۇناھىم كۆپ يەرگە سىغماس كىمگە ئايتاي،
تەۋبە قىلىپ ئەگرى يولدىن راستقا قايتاي،
نەدامەتدە ئەتلەرىمنى ئۈزۈپ تارتاي،
«سەد دەرىغ» دەپ بارماقلارىم تىشلەسەم مەن.

گۇناھ قىلىپ تەۋبە قىلماي، ھەددىن ئاشتىم،
نەفسىم مېنى تۇغيان قىلدى تۇرفە شاشتىم
بىھەمدىللاھ، پىرى مۇغان سارى قاچتىم،
قولغا ئالىپ نەفسى بەدنى ئۇشلاسام مەن.

قۇل خوجا ئەھمەد، ھەربىر سۆزۈڭ دەردكە دەرمان،
تالىبلارغە بەيان قىلسام قالماس ئەرمان،
تۆرتىمنى تۆرتيۈز ھىكمەت ئايتدىم ھەقدىن فەرمان،
فەرمان بولسە تا ئۆلگۈنچە سۆزلەسەم مەن.

# 52 ـ ھېكمەت

ۋەھدەت خۇمى ئاچىلدى، مەيخانەغە كىرسەم مەن،
بىر جام ئىچىپ شۇل مەيدىن، مەستۇ ھەيران بولسام مەن.

ئۇشال مەينىڭ مەزەسى ئىچ ـ باغرىمنى قان قىلدى،
باغرى قانىم ئاققۇزۇپ جانان سارى بارسام مەن.

ساقى سۇندى ھەر نەفەس كەيپىياتنىڭ شەرابىن،
سەرمەست بولۇپ ئۇشال دەم نالە فەرياد ئۇرسام مەن.

ئىنسانىيەت ياقاسىن شەۋق ئاتەشى كۆيدۈردى،
ۋەھدانىيەت دەرياسىن ئۇشال دەمدە سورسام مەن.

ئول دەريانىڭ مەۋجىدىن تەگمەي غەۋۋاس دۇر ئالماس،
جاندىن كېچىپ دۇر ئۈچۈن بەھرى كانغە چۆمسەم مەن.

خاجە ئەھمەدنىڭ خۇمدە مۇھەببەتنىڭ شەرابى،
ئاشىقلارغا شول مەيدىن مۇرادىنچە بەرسەم مەن.

## 53 ـ ھېكمەت

ئاللاھ دېگەن بەندەنى جايىن جەننەتتە كۆردۈم،
ھۆرۇ غۇلمان جۈملەسىن قارشۇ خىزمەتتە كۆردۈم.

«فەزكۇرۇنى» زىكرىنى ئايتقان قۇللار دائىما،
جۈملەسىن ھەمراھ بىھىشتى ئەدنىدە كۆردۈم.

تۈنى — كۈنى ئۇخلاماي ھۇ زىكرىنى ئايتقانلار،
مەلايىكلەر ھەمراھى ئەرشنى ئۈستىدە كۆردۈم.

خەيرۇ سەخا قىلغانلار، يەتىم كۆڭلىن ئالغانلار،
چەھاريارلار ھەمراھى، كەۋسەر لەبىندە كۆردۈم.

ئامىل بولغان ئالىملار، يولغا كىرگەن ئاسىيلار،
ئانداغ ئالىم ئورنىنى دارۇسسەلامدا كۆردۈم.

قازى بولغان ئالىملار، پارا ـ رىشۋەت يېگەنلەر،
ئانداغ قازى جايىنى نارى سەقەردە كۆردۈم.

مۇفتى بولغان ئالىملار، ناھەق فەتۋا بەرگەنلەر،
ئۇنداق مۇفتى جايىنى سىرات كۆپرۈكدە كۆردۈم.

زالىم بولۇپ زۇلۇم ئەتكەن، يەتىم كۆڭلىن ئاغرىتقان،
قارا يۈزلۈگ مەھشەردە، قولىن ئارقادە كۆردۈم.

جەمائەتكە بارمايىن، تەركى نەماز قىلغانلار،
شەيتان بىرلە بىريەردە، دەركى ئەسفەلدە[1] كۆردۈم.

قۇل خوجا ئەھمەد كان ئاچتى دۇررۇ گەۋھەرنى ساچتى،
تىڭشاماغان بۇ سۆزنى، غەفلەت ئىچىندە كۆردۈم.



① دەركى ئەسفەل ـــ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتى.

## 54 ـ ھېكمەت

يولغا كىرگەن ئەرەنلەردىن يولنى سورماي،
يىغلىمايمۇ، ئەي دوستلارىم، خەتا قىلدىم.
ھەق زىكرىنى كېچە ـ كۈندۈز ۋىرد ئەيلەمەي،
ئايا دوستلار ئۆز جانىمغا جەفا قىلدىم.

ئاللاھ يادى كۆڭۈللەرنى رەۋشەن قىلغان،
ئاشىقلارغە خۇدا ئۆزى ۋەئدە قىلغان،
ئىشق نەسمى مۇستەفاغە تۆھفە كەلگەن،
ئول سەبەبدىن كۆز ياشىمنى گۇۋاھ قىلدىم.

ئاللاھ ئايتۇر: «ئاشىقلارىم بۇراق[1] مىنەر،
ھەق زىكرىنى ئايتقانلارغە رەھمەت ياغار،
كۆپ يىغلاغان دىدارىمنى شەكسىز كۆرەر،
مەھشەر كۈنى دىدارىمنى ئەتا قىلدىم» .

ۋەئدە قىلدى ئاشىقلارغا يۈزمىڭ بۇراق،
ئالەم خەلقى مەلامەتى ئاڭا يىراق،
بۇ ئالەمدە ئەل كۆزىگە يانغان چىراق،
ئۇقبا ئىچرە يۈزمىڭ كۆشكلەر بىنا قىلدىم.

---

① بۇراق ــ جەننەتكە خاس ئۇلاغ، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ مىراجدا مىنگەن ئۇلىغى.

دەردسىز ئادەم ئادەم ئەمەس، مۇنى ئاڭلاڭ،
ئىشقسىز ئادەم ھەيۋان جىنسى مۇنى تىڭشاڭ،
كۆڭلىڭىزدە ئىشق بولماسە ماڭا يىغلاڭ،
گىريانلارغا خاس ئىشقىمنى ئەتا قىلدىم.

بەندە بولساڭ مەنمەنلىكنى زىنھار تاشلا،
سەھەرلەردە جانىڭ قيناپ تىنماي ئىشلە،
يولدىن ئازغان گۇمراھلارنى يولغا باشلا،
بىر نەزەردە دىللارنى سەفا قىلدىم.

چىن دەردلىككە ئۆزۈم دورا، ئۆزۈم دەرمان،
ھەم ئاشقمەن، ھەم مەئشۇقمەن، ئۆزۈم جانان،
رەھىم ئەيلەيىم، ئاتىم رەھمان، زاتىم سۇبھان،
بىر نەزەردە باتىنلارنى سەفا قىلدىم.

تاڭ ئاتقۇنچە ھەق دادىنى ئايتغان كىشى،
تاغۇ چۆلنى بوستان قىلۇر ئاققان ياشى،
ئاللاھ ئايتۇر: «ئۆزگە بىرلە يوقتۇر ئىشى،
ئول ئاشقنى خەلايىقدىن جۇدا قىلدىم».

ئىشق يادىنى يەرگە سالسام، يەر كۆتەرمەس،
دەفتەر قىلسام، تا تىرىكسەن بىتىپ بولماس،
ھەقنى بىلگەن بەگۇ خانى خەلقنى بىلمەس،
ئول بەندەمنى ئۆز يولۇمدا دۇئا قىلدىم.

مالۇ پۇلنى پەرۋا قىلماس ئاشق كىشى،
يول ئۈستىدە تۇفراق بولۇپ ئەزىز باشى،

ئاندىن سوگره نۇرغا تولۇر ئىچى ـ تاشى،
تاڭلا بارسا، مەھشەر ئارا پادىشاھ قىلدىم.

ھەقتىن قورقۇپ مالۇ پۇلنى سۆيمەگەننى،
ھەقنى ئايتىپ بىردەم ياتىپ ئۇيىماغاننى،
ياتسا ـ قوپسا ھەق زىكرىنى قويماغاننى،
ئاچتىم باتىن كۆزلەرىنى بىنا قىلدىم.

روزە تۇتۇپ خەلققە رىيا قىلغانلارنى،
ناماز ئوقۇپ تەسبىھ قولغا ئالغانلارنى،
شەيخمەن تەيۇ ئۆزگە بىنا قويغانلارنى،
ئاخىر دەمدە ئىماندىن جۇدا قىلدىم.

ھەققە ئاشىق بولۇپ ئايدى قۇل خوجا ئەھمەد،
سىدقى[1] بىرلە ئىشتكەنگە يۇزمىڭ رەھمەت،
دۇئا قىلاي كۆرمەگەيلەر مىھنەت، زەھمەت،
ئاقىل بولساڭ بىر سۆز بىرلە ئەدا قىلدىم.

---

① سىدق ــ توغرىلىق، دۇرۇسلۇق، ئىچ پاكلىقى.

# 55 ـ ھېكمەت

ئىزىم يادى ئۇلۇغ ياددۇر ئايتۇر بولسام،
ئەسەل ياڭلىغ چۈچۈك بولۇر تىلىم مېنىڭ،
ئۆزۈم فەقىر، قىلدىم مۇقىر، بولدۇم ھەقىر،
قانات قاقار ئۇچار قۇشتەك كۆڭلۈم مېنىڭ.

تۈرلۈگ ئەيشىم، تۈرلۈگ ئىشىم، مۇڭلۇغ باشىم،
ئايىردى جانىم، كەتتى ھۇشۇم، ئاقتى ياشىم،
گۇناھ بىرلە تولدى تۈگەل ئىچۇ تاشىم،
بىنىيازمەن ئاچىپ بەرسۇن يولۇم مېنىڭ.

كۆزۈم تۈشتى، كۆڭلۈم ئۇچتى، ئەرشكە ئاشتى،
ئۇمرۇم كەچتى، نەفسىم قاچتى، بەھرىم تاشتى
كارۋان كۆچتى، مەنزىل ئاشتى، ھارىپ تۈشتى،
سىر ئۇلاشتى، نېچۈك بولغاي ھالىم مېنىڭ.

سۈرەت مۇندا، سىيرەت ئاندا، قۇدرەتىڭدە،
ئۇزۇن تۈندە، يورۇق كۈندە، كۆڭلۈم ئاندە،
يۈرەر تۈندە بولۇپ بەندە، بارى قاندە،
سورسە ئاندە، گۇناھكاردۇر تىلىم مېنىڭ.

ئىچتىم شەراب، بولدۇم خەراپ، ئەسلىم تۇراب،
كەلدىم كۆرۈب، كۆڭلۈم سەراب، ئىشققە پۈرئاب[1]

① پۈرئاب ــ سۇغا تولغان، كۆز يېشىغا تولغان.

ھەقدىن خىتاب كەلسە كۆرمەس قۇللار ئەزاب،
بۇلاق ياڭلىغ ئاقار كۆزدىن ياشىم مېنىڭ.

تۆشتۈم ئۇزار، بۇراق تۇزار، كەتسە بازار،
دۇنيا بازار، ئىچرە كىرىپ قۇللار ئازار،
باشىم بىزار، ياشىم سىزار، قانىم تۇزار،
ئاتىم ئەھمەد، تۆركىستاندۇر ئېلىم مېنىڭ.



# 56 ـ ھېكمەت

تىنمايىن ھەزرەتىڭدە ئاللاھ دېسەم،
زار ئىڭرابان زاكىر بولۇپ «رەببىم» دېسەم،
قۇل بولۇپ قۇللۇغۇڭدە بويۇن سۇنسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇمەن؟

زىكرىيادەك بۇ باشىمغە ئەررە قويسام،
ئەييۇبدەك بۇ تەنىمگە قۇرتنى قويسام،
مۇسادەك تۇر تاغىدا تائەت قىلسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇ مەن؟

يۇنۇسدەك دەريا ئىچرە بالىق بولسام،
يۇسۇفدەك قۇدۇق ئىچرە تۈن ـ كۈن بولسام،
يەئقۇبدەك يۇسۇف ئۈچۈن زار ئىڭراسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇ مەن؟

شىبلىدەك ئاشىق بولۇپ سەما ئۇرسام،
بايەزىدتەك تۈن ـ كۈن تىنماي كەئبە بارسام،
كەئبەگە يۈزۈم سۈرتۈپ زار ئىڭراسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇ مەن؟

مەئرۇفتەك ئۇشبۇ يولغا قەدەم قويسام،
مەنسۇردەك جاندىن كېچىپ دارغا قونسام،

دار ئۇزرە شەۋقىم بىرلە ھەقنى ئايسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇ مەن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، قۇللۇق ئىچرە سابىت بولسام،
زىكرىن ئايتىپ زاكىر بولۇپ «رەببى» دېسەم،
زىكرىندە شەۋقلەنىپ كۆيۈپ يانسام،
بۇ ئىش بىرلە يا رەب سېنى تاپقايمۇ مەن؟



# 57 ـ ھېكمەت

ئاللاھىمنى ئىزلەرمەن، ئىزىن ئالىپ كېتەرمەن،
دائىم سېنى ئايتۇرمەن «لائىلاھە ئىللەللاھ».
قايدىن ئانى تاپارمەن، جانىم قۇربان قىلۇرمەن،
قۇربان بولۇپ كېتەرمەن «لائىلاھە ئىللەللاھ».

جانۇ دىلىم بىرەيىم، بېرىپ ياقىن تۇرايىم
جانۇ دىلىم كۆيۈپدۇر، كۆيۈپ كەباب بولۇپدۇر.
جانىم بىرلە ئايتايىم «لائىلاھە ئىللەللاھ».

ئاشىق ئىلى بىسامان، يوقتۇر دەردىگە دەرمان،
ئايتىپ تۇرۇڭ بىئەرمان «لائىلاھە ئىللەللاھ».
ئەھمەد ئىبنى ئىبراھىم ئۇشبۇ سۆزنى خوب ئايتدى،
ئايتىپ كۆرۈڭ جانلارىم «لائىلاھە ئىللەللاھ».

# 58 ـ ھېكمەت

ناگەھان تۇرۇرۇمدا كۆڭلۈم ئېچرە،
ھەق مەۋلامنى نەزەرگاھى تۈشتى بولغاي.
قىرق يىللىق زەنگەر باسقان كۆڭلۈم مۇلكىن،
ھەق يادىنى نۇرى بىرلە ئاچتى بولغاي.

زاكىرلارى جەم بولۇپ تۈزۈلمىشدە،
زىكرۇ سەمادىن مەجلىس قۇرۇلمىشدە،
بويىن ئۇقبا دۇنياسىدىن ئايرىلمىشدە،
كۆڭۈل قۇشى ھەزرەت تابا ئۇچتى بولغاي.

ھىچ بىلمەسمەن نېچۈك بولغاي مېنىڭ ئىشىم،
ئانىڭ ئۈچۈن ئاقار دائىم كۆزدە ياشىم،
سەھەرلەردە قوپۇپ ھەقدىن تىلەمىشىم،
پەرىشتەلەر ئامىنگە تۈشتى بولغاي.

مۇڭلۇغ جانغا ياقىن تۇرۇر ھەق دەرگاھى،
نەدامەتدە يېتەرمىكىن بىرەر ئاھى،
قايسى كۆڭۈل بولسا ھەقنى نەزەرگاھى،
ھەق نەزەرى ئىچگە تولۇپ تاشتى بولغاي.

مۇھىب قۇللار مەھبۇبىغا قايىردىلەر،
دۇنيا قويۇپ دىن ئىشىگە ئۆگۈردىلەر،

ئاشق قۇللار «ئەللاھ» تەيۇ تەبرەندىلەر،
شەيتاننى زەھرى يارىلىپ قاچتى بولغاي.

ئەللاھ دېگىل، ئەي قۇل ئەھمەد، ئۆزۈڭ بىلگىل،
ئۆزۈڭ بىلگەن ئىلمىڭ بىلەن ئەمەل قىلغىل،
ئۇلۇغ ـ كىچىك يارانلاردىن ئۆزرە قىلغىل،
سەن بىلمەسدە سەندىن خەتا كەچتى بولغاي.

## 59 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، يۈرەك باغرىم بولدى كەباب،
ھەقىقەتلىغ ئاشىق جاندىن ئۆتتى بولغاي،
ئىشق پەرتەۋى كۆڭۈل مۈلكىن قىلدى خەراب،
ئول سەبەبدىن ئەقلۇ ھۇشۇم كەتتى بولغاي.

ئىشقسىز كىشى ئادەم ئەمەس ئاڭلاساڭىز،
بىمۇھەببەت شەيتان قەۋمى تىڭشاساڭىز،
ئىشقدىن ئۆزگە سۆزنى ئەگەر سۆزلەسەڭىز،
ئىلكىڭىزدىن ئىمان ئىسلام كەتتى بولغاي.

مەيخانەغە كىرگەن ئاشىق سىررى ئەيان،
باغرى پىشىپ ياشى ئاقىپ قىلۇر ئەفغان،
بىخۇد يۈرەر قايدە بارسا خانە ۋەيران،
بىشەك بىلىڭ ۋەھدەت مەيدىن تاتتى بولغاي.

ئىشق تۈشتى بۇ باشىمغە ھەيران بولدۇم،
خانۇماندىن كېچىپ تاكى سەرسان بولدۇم،
ئىككى ئالەم بەرباد ئېتىپ ئۇريان[1] بولدۇم،
چىققان ئاھىم نە پەلەككە يەتتى بولغاي.

---

① ئۇريان ـــ يالىڭاچ، كىيىمسىز.

ئاقىل بولساڭ، ھەقدىن ئۆزگە سۆزلەر ھەرام،
تا تىرىكسەن پىر خىزمەتىن قىلغىل مۇدام،
ئاللاھ دېسەڭ شەيتان لەئىن ساڭا غۇلام،
ئاللاھ دېمەس دىنلارنىنى ساتتى بولغاي،

ئۆمرى زايىئ ئۆتكەنلەر ئىشقنى بىلمەس،
جاندىن كەچكەن دىۋانەنى كۆزگە ئىلمەس،
ھۇ سۇھبەتىن قۇرغان يەرگە قاچىپ كەلمەس،
جانۇ كۆڭلى تاشدىن بەتەر قاتتى بولغاي.

ئاللاھ سۆيگەن بەندە دائىم يىغلاپ يۈرەر،
ھەقدىن قورقۇپ زارىن ئايتىپ سەھەر تۇرار،
يەھيا سىفەت تىنماي يىغلاپ ماتەم قۇرار،
بۇ دۇنيانى ئارقا تاشلاپ ئاتتى بولغاي.

ئاشىقلارنىڭ ئىشى ئىكەن سوزۇ گۇداز،
ئاشىقلارنىڭ ھاجەتلەرى روزە نەماز،
روزى مەھشەر كۆزياشدۇر ھەققە نىياز،
ئارىف ئاشىق دەردۇ ئەلەم تارتتى بولغاي.

ئاشىقلارنىڭ ئاغزى خەندان، دىلى لەرزان،
ئاللاھ ئۈچۈن كۆزدە ياشى باغرى بىريان،
جانى زاكىر، كۆڭلى شاكىر، فىكرى جانان،
ئىنشائاللاھ، قىل كۆبرۈكى ئۆتتى بولغاي.

ئاشىقلارى خەلق ئىچىدە كۆيۈپ يىغلار،
زاھىر خەندە باتىنلارى يۈرەك داغلار،

ئەجەل قىستاپ ئۆلمەك ئۈچۈن بەلىن باغلار،
مەئشۇقىغە ئەرزى ھالىن ئايتتى بولغاي.

ئاشىقلارى مەلامەتدىن قاچماس بولۇر،
نادانلارغە باتىن سىررىن ئاچماس بولۇر،
ھەرنامەردگە دۇررۇ گەۋھەر ساچماس بولۇر،
ئۆزى ئوقۇپ خۇنى زەرداپ يۇتتى بولغاي.

پىرى مۇغان سۆيگەن ئاشىق ھەۋاسى يوق،
يۈزمىڭ تۈرلۈك تائەت قىلسە بىناسى يوق،
ئەي دوستلارىم، ئىشق دەردىنى دەۋاسى يوق،
تۈنلەر قوپۇپ پىر ئىبتەكىن تۇتتى بولغاي.

پىرى مۇغان نەزەر قىلسە بەرگەي دەۋا،
ھايۇ ھەۋەس ماۋۇمەنلىك بولغاي ئەدا،
ئاندىن سوڭرە شەيتان لەئىن سەندىن جۇدا،
تار لەھەددە ئىمان بىرلە ياتتى بولغاي.

قۇل خوجا ئەھمەد ھەق سۆزىنى سۆزلەر مۇدام،
ھەقدىن ئۆزگە سۆزلەر بارى بەرمىش ھەرام،
روزى قىلسە ئورنۇڭ بولغاي دارۇسسەلام،
مەغفىرەتنى دەرياسىغە پاتتى بولغاي.

## 60 ـ ھېكمەت

ھەق تەئالا پەرتەۋ سالدى، جانىم كۆيدى،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكىر ئايتايلىق.
سەھەر ۋەقتىدە پىرى مۇغان باقىپ سوردى،
كېلىڭ يىغلىلىڭ، زاكىر قۇللار، زىكىر ئايتايلىق.

زاكىرلارگە ۋەئىدە قىلدى قادىر خۇدا،
گۆر ئىچىدە ئەتا قىلدى ھۆرلىقا،
زاكىرلارنى تۇرار جايى دارۇل ـ بەقا،
كېلىڭ يىغلىلىڭ، زاكىر قۇللار، زىكىر ئايتايلىق.

زاكىر بولسا، شاكىر بولسا جايى جەننەت،
قانلار ئاقسا كۆزلەردىن قىلماس مىننەت،
ئۇممەت بولساڭ زىكرىن ئايتماق سىزگە سۈننەت،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكىر ئايتايلىق.

زاكىرلارگە خۇدا ئۆزى ۋەئىدە قىلدى،
«فەزكۇرۇنى ئەزكۇركۇم» [1] دەپ ئايەت كەلدى،
فىردەۋس ئاتلىغ جەننەتىدىن مەزھەر كەلدى،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكىر ئايتايلىق.

---

① فەزكۇرۇنى ئەزكۇركۇم ــ «مېنى ياد ئېتىڭلاركى، مەنمۇ سىز-لەرنى ياد ئېتەي...» (قۇرئانى كەرىم، بەقەرە سۈرىسى، 152 ـ ئايەت، 2 / 152).

زاكىرلارى ھەر نەفەسدە زىكرىن ئايتار،
تەۋبە قىلىپ ئەگرى يولدىن راستقا قايتار،
زىكرىن ئايتسا ئاستا ـ ئاستا شەۋقى ئارتار،
كېلىڭ يىغىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

زاكىرلارى ھەلقە ئىچرە پەرتەۋ كۆرەر،
ئانىڭ ئۈچۈن ھەلقە ئىچرە ئۆزىن ئۇرار،
مەئشۇقىنى كۆرگەن زەمان جانىن بېرەر،
كېلىڭ يىغىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

يالغان ئاشىق مەئشۇقىدىن جانىن ئايار،
ئۇقبا يولىن ئارقا تاشلاپ، دۇنيا سۆيەر،
ھۇ ھەلقەسىن قۇرغان يەردىن ئەيلەر فەرار،
كېلىڭ يىغىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

«ئەل كەززابۇ لائۇممەتى»[1] دېدى سەرۋەر[2]
بۇ سۆزلەرگە يول بەرگۈچى ھادى رەھبەر،
يالغانچىنى ئۇممەت دېمەس ئول پەيغەمبەر،
كېلىڭ يىغىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

رەھمان ئىگەم چىن ئاشىقنىڭ يولىن ئاچار،
مۇھەببەتنىڭ شەۋقى بىرلە ياشىن ساچار،
ئاللاھ تەيۇ قايدە بارسە شەيتان قاچار،
كېلىڭ يىغىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

---

① ئەل كەززابۇ لا ئۇممەتى ــ «يالغانچى ئۇممىتىمدىن ئەمەستۇر».
② سەرۋەر ــ رەئىس، باش، باشچى.

زاكىرلارى زىكرىن ئايتىپ نالە قىلۇر،
كۆز ياشىنى سارىغ يۈزگە ژالە قىلۇر،
بەيابانلار كېزىپ ئۆزىن ۋالە قىلۇر،
كېلىڭ يىغلىلىڭ، زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

زاكىر قۇللار ھەق فەرمانىن مەھكەم تۇتار،
ئىخلاس بىرلە ئالالاھ دېگەچ قانلار يۇتار،
ھەلقە ئىچرە كىرگەن ۋەقت جاندىن كېچەر،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

بىتەھارەت زىكر ئايتقانغە لەئنەت ياغار،
ئوشال كۈنى بولغان فەرزەند شەيتان تۇغار،
ئۆلەر ۋەقتدە ئەۋۋەل كېلىپ شەيتان باقار،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

مۆئمىن بولساڭ، بىتەھارەت زىكرىن ئايتما،
كەرامەتلەر ئايتىپ خەلققە دىنىڭ ساتما،
مۇسۇلمانلىغ دەئۋا قىلىپ كافىر كەتمە،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

زاكىر بولساڭ، زىكرىن ئايتماي ھەرگىز ياتما،
نادان بىرلە ناجىنسلەرگە ھېچ سۆز قاتما،
مۇنافىقلار ھالىن سورسا بىر سۆز ئايتما،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

قۇل خاجە ئەھمەد يامانلارنى يامانى سەن،
بارچە بۇغداي ئەل تۇتماغاي سامانى سەن،
يولدىن ئازغان گۇمراھلارنى نادانى سەن،
كېلىڭ يىغلىلىڭ زاكىر قۇللار، زىكر ئايتايلىق.

# 61 ـ ھېكمەت

ئىشق ئوتىنى پىنھان تۇتۇپ ئاسرار ئەردىم،
جان كۆيدۈرۈپ يۈرەك، باغرىم كەباب ئەتتى.
پىردىن مەدەت بولماس بولسا ئەمدى ماڭا،
بۇ دەرد بىزنى دوستلار بىھەد خەراب ئەتتى.

ئىشق سىررىن ھەر نامەردكە ئايتىپ بولماس،
نېچە ياقساڭ بادلىك يەردە چەراغ يانماس،
يولىن تاپقان مەردانىلارنى بىلسە بولماس،
يىغلاي ـ يىغلاي، كۆز ياشىنى ھەباب ئەتتى.

چىن ئاشىقلار كەچكەن ئەرمىش جانىن تاشلاپ،
ئەدھەم سىفەت بەرھەم ئۇرۇپ، مالىن تاشلاپ،
ھۇ ـ ھۇ تەيۇ ھەق زىكرىنى ئايتىپ خۇشلاپ،
ئىمان تەسدىق قىلىپ باغرىن كەباب ئەتتى.

ئىبرەت ئالغىل يولغا كىرگەن مەردانىلاردىن،
جانىنى جانغا پەيۋەند قىلىپ يەرگەنلەردىن،
يولنى سوراپ يولدىن ئەمان بارغانلاردىن،
ئۇنداق قۇللار ھالىن بىھەد خەراب ئەتتى.

قۇل خوجا ئەھمەد نەفس تاغىدىن چىقىپ ئاشتى،
يۈرەك باغرى جۇش ئۇرۇبان قايناپ تاشتى،

بىھەمدىللاھ يولنى تاپىپ ياۋۇقلاشتى،
ئىچ قانىدىن ئۆز ئۆزىگە كەباب ئەتتى.

# 62 ـ ھېكمەت

خاتالىقمنى ئىزلەرمەن تۈن ـ كۈن جەھان ئىچىندە،
تۈرت يانىمدىن يول ئىندى كەۋتۇ مەكان ئىچىندە.

تۈرتدىن يەتتىگە يەتتىم توققۇزنى گۈزار ئەتتىم،
ئوندىن ئىككىگە كەلدىم چەرخى كەيۋان[1] ئىچىندە.

ئۈچيۈز ئاتمىش سۇ كەچتىم، تۈرتيۈز قىرق تۈت تاغ ئاشتىم،
ۋەھدەت شەرابىن ئىچتىم، تۈشتۈم مەيدان ئىچىندە.

چۈنكى تۈشتۈم مەيدانغە، مەيدانىنى تولا كۆردۈم،
يۈزمىڭ ئارىفنى سوردۇم، بارچە جەۋلان ئىچىندە.

غەۋۋاس بەھرىگە كىردىم، ۋۇجۇد شەھرىنى كەزدىم،
دۈرنى سەدەفدە كۆردۈم، گەۋھەرنى كان ئىچىندە.

ئەرشۇ كۈرسىنى يۈردۈم، لەۋھۇ قەلەمنى كۆردۈم،
ۋۇجۇد شەھرىنى كەزدىم، ئايىتتىم بۇ جان ئىچىندە.

جانىنى كۆردۈم جانانىدا، ئىشقىنى كۆردۈم مەيداندا،
ئاشىقلارنىڭ مەيدانى جۈملە بوستان ئىچىندە.

---

① چەرخى كەيۋان ـــ ئاسماننىڭ كەيۋان، يەنى زۇھەل يۈلتۇزى بار بولغان بىر قېتى.

ئەرنى كۆردۈم ئەرگەشتىم، ئىستەگەنىمنى سوردۇم،
بارچەسى سەندە دىدى، قالدىم ھەيران ئىچىندە.

ھەيران بولۇبان قالدىم، بىھۇش بولۇبان تالدىم،
ئۆزۈمنى دەردكە سالدىم، تاپتىم دەرمان ئىچىندە.

سەير ئىستەرمۇ بۇلبۇل، ئاچىلىپدۇر قىزىلگۇل،
ھەر گۇلنى خالىي كۆرمە، گۇلنى گۇلزار ئىچىندە.

مىسكىن خوجا ئەھمەد جانى ھەم گەۋھەردۇر، ھەم كانى،
ھەممە ئانىڭ مەكانى، ئول لامەكان ئىچىندە.



# 63 ـ ھېكمەت

سەھەرلەردە قوپۇپ يىغلاپ دۇئا قىلسام،
دوستلار خاجەم مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟
ياش ئورنىغە قانىم تۆكۈپ دۇئا قىلسام،
دوستلار خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

دەرگاھىغە باشىم قويۇپ نالە قىلسام،
كۆز ياشىمنى ئاققۇزۇبان ژالە قىلسام،
بەيابانلار كېزىپ ئۆزۈم ۋالە قىلسام،
دوستلار خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

قايدا بارسام يادىن ئايتىپ يىغلاسام مەن،
خىزمەتىدە بېلىم مەھكەم باغلاساممەن،
ھەسرەتىدە يۈرەك ـ باغرىم داغلاساممەن،
دوستلار خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ھەركۈن يۈزمىڭ قولۇم ئاچىپ ئامىن دېسەم،
مۇسا سىفەت تۇر تاغىدا رازىن ئايتسام،
توقسان توققۇز رازىن ئايتىپ جانىم بەرسەم،
دوستلار خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

بايەزىدتەك يەتمىش يولى ئۆزۈم ساتسام،
ئاللاھ تەيۇ دەردى بىرلە ئۆلۈپ كەتسەم،

رىيازەتدە ئارىپ، ئازىپ، ئاچىپ كەتسەم،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ئاللاھ ئۈچۈن پەرزەنتلەرىم يەتىم قىلسام،
رىيازەتتە سۆڭەكلەرىم ھەلىم قىلسام،
ئەھلۇ ئەيال، خانۇ مانىم غەنىم قىلسام،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ئاللاھ دېگەن بەندەلەرنىڭ قۇلى بولسام،
ئاشىقلارنىڭ كۆيۈپ ئۆچكەن كۈلى بولسام،
يول ئۈستىدە تۇفراق سىفەت يولى بولسام،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ئاللاھ، ئاللاھ، جانىم ئاللاھ، دىلىم ئاللاھ،
سەندىن ئۆزگە پەناھىم يوق ۋەللاھ بىللاھ،
يىغلاپ كەلدىم دەرگاھىڭغە: شەيئەن لىللاھ،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ياخشىلارنىڭ سۆھبەتىدە زاكىر بولسام،
ھەرنە جەفا كەلسە ماڭا شاكىر بولسام،
ئەييۇب سىفەت بەلاسىغە سابىر بولسام،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

بوسۇغاڭغا باشىم قويۇپ تەۋبە قىلسام،
غەيۋەت قىلغان تىللارىمنى يۈزمىڭ تىلسام،
گۇناھ قىلغان بەندلەرىمنى [1] پارە قىلسام،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

---

① بەند ـــ بۇ يەردىكى «»بەندلەرىمنى» دېگەن سۆز، بەدەن ـ ئەزا-لىرىمنى دېگەن مەنىدە.

تەۋبە قىلدىم، تەۋبە قىلدىم، قەبۇل قىلغىل،
تەۋبەم قەبۇل قىلماس بولساڭ جانىم ئالغىل،
يولدا قالدىم، يولدا قالدىم، قولۇم ئالغىل،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ئالللاھ ئۇچۇن مەردانەۋار جانىم بەرسەم،
ئەھلى ئەيال خانۇمانىم تاشلاپ كەتسەم،
جان نە بولغاي ئىمانىمدىن بەلكى ئۆتسەم،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

سەھەرلەردە بالدۇر قوپۇپ ھەققە يانسام،
چوڭ ۋە كىچىك گۇناھلارغا تەۋبە قىلسام،
زارە قىلىپ ھەزرەتىگە بويۇن ئەگسەم،
دوستلار خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

قەھھار ئىگەم سەندىن قورقۇپ ئويغانسام مەن،
گۇناھىمغە ئىقرار بولۇپ ئىڭرانسام مەن،
سەھەرلەردە ياقام ئۇشلاپ يالبارسام مەن،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

تاشقىن كەلگەن دەريالاردا يۈزلەسەم مەن،
ئازىپ قالغان بوتالاردەك بوزلاسام مەن،
ئۆلەر ۋەقتدە مىڭ بىر ئاتىڭ سۆزلەسەم مەن،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

ۋا ۋەيلەتا نادامەت دەپ قورقۇپ قوپسام،
پىرى مۇغان دەرگاھىنى تىنماي ئۆپسەم،

ياخشىلارنىڭ خاكى پايى بولۇپ ئۆلسەم،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ تىنماي قورقۇپ چىقسام،
سۇبھان دەردىڭ ئايتىپ دەۋام ئىڭراپ چىقسام،
تۇفراق سىفەت ئاجىز بولۇپ خارلىق تارتسام،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟

قۇل خوجا ئەھمەد جانىڭ بەرگىل مەردانەۋار،
جاندىن كېچىپ يولغا كىرسەڭ كۆرگۈڭ دىدار،
مۇرادىڭنى بېرۇر ساڭا پەرۋەردىگار،
دوستلار، خوجام مېنى بەندەم دېگەيمۇكىن؟



# 64 ـ ھېكمەت

بۇ ئالەمدە ھەقدىن قورقۇپ زار ئىڭراسام،
ئاخىرەتدە روھىم ئارام ئالارمۇكىن؟
ئەرەنلەرنىڭ باسقان ئىزىن كۆزگە سۈرسەم،
پىرى مۇغان مېنى يولغا سالارمۇكىن؟

باشىم بېرىپ، بېلىم باغلاپ قىلسام ئىخلاس،
نەفسى شەيتان چاڭگالىدىن بولسام خەلاس،
جان بېرۈردە مەدەد قىلسە خىزرۇ ئىلياس،
غەۋسۇل ـ غىياس خەتمى ياسىن قىلارمۇكىن؟

تاغۇ چۆللەر گۇناھىمدىن قىلماس تاقەت،
ھەركۈن يۈزمىڭ جۇرمۇ ئىسيان ماڭا ئادەت،
بۇ ئىش بىرلە ئاخىرەتدە بارمۇ راھەت؟
تەۋبە قىلسام ئادەتلەرىم قالارمۇكىن؟

بوسۇغاڭغا باشىم قويۇپ زارى قىلسام،
غەرىب، يەتىم باشىن سىلاپ دۇئا ئالسام،
ھەقدىن قورقۇپ دۇنيا ئىشىن ئارقا قويسام،
خاجەم مېنى ھالى دىلىم سورارمۇكىن؟

ئادەم سەفى سۈننەتلەرىن تىلغە ئالسام،
«يا رەببەنا زەلەمنا» [1] دەپ نالە قىلسام،
بەياباندا كۆز ياشمنى ژالە قىلسام،
بىرۇ بارىم مېنى يولغە سالۇرمۇكىن؟

سەھەرلەردە زارى قىلىپ يىغلاسامەن،
جان بېرۇردە بېلىم مەھكەم باغلاسامەن،
شەۋقى بىرلە يۈرەك ـ باغرىم داغلاسامەن،
ھەق چىراغى قەبرىم ئىچرە يانارمۇكىن؟

باشىم، تەنىم تۇفراق قىلىپ فەنا بولسام،
دىيدار تىلەپ ھەسرەتىدە ئەدا بولسام،
ئەھلى ئەيال خانۇماندىن جۇدا بولسام،
دوستلار، خاجەم ماڭا رەھمى كېلەرمۇكىن؟

شەيتان لەئىن يولدىن ئۇردى ھالىم تەباھ،
يىغلامايمۇ نەفسىم مېنى قىلدى ھەۋا،
ئالەم خەلقى بارىپ ئۆتسە ماڭا ئېۋا،
كافىر نەفسىم ئەزازىلدىن تانارمۇكىن؟

غەرىب جانىم ھەق يولىدا نەزىر ئەيلەسەم،
شاھ ھەسەندەك كەربەلادە سۇۋساپ ئۆلسەم،
ھەق شەرابىن ئىچەرمەن دەپ تەشنە كەتسەم،
ئاندا بارسام سۇۋسۇنلارىم قانارمۇكىن؟

---

① رەببەنا زەلەمنا ــ «رەببىمىز، بىز (ئۆزىمىزگە) زۇلۇم قىلدۇق...» قاراڭ: «قۇرئانى كەرىم»، ئەئراف سۈرىسى، 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر، 7 / 22 ـ 23.)

ئەسھابلاردەك دىن تالىشىپ باشىم بەرسەم،
شەھرى بانۇ ئىماملاردەك يىغلاپ يۈرسەم،
ئاللاھ ئۈچۈن كافىرلارگە ئەسىر بولسام،
رەھمان ئىگەم ساڭا مەقبۇل بولۇرمۇكىن؟

دەرماندەمەن، شەرمەندەمەن، قولۇم ئالغىل،
يولدىن ئازغان دەرماندەمەن، يولغا سالغىل،
ئاللاھ دىبان فەنا بولدۇم رەھىم ئەيلەگىل،
ئاسىيلەرگە فەيزۇ فۇتۇھ بېرەرمۇكىن؟

ئەي ئاسىيلەر، تەۋبە قىلغىل ھەق ئىشىتسۇن،
نالەڭىزدىن يەرۇ كۆكلەر نالە قىلسۇن،
مەلائىكلەر ھەقدىن تىلەپ ئۈلۈش بەرسۇن،
ئۈلۈش ئالغان قۇلنى غەمى بولارمۇكىن؟

ئەقلىم ھەيران، كۆزۈم گىريان، خانە ۋەيران،
ھەق يولىنى بىلەلمەسمەن ئۆزۈم نادان،
ئەي تالىبلەر، بىتاقەتمەن، قايدا جانان،
جانانىمدىن ھېچكىم خەبەر بىلەرمۇكىن؟

جانانەنى تاپاي دىبسەڭ سەھەر تۇرغىل،
ئاشىقلارنىڭ مەجلىسىگە ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
ھەقنى ئىزلەپ يىغلاپ يۈرۈپ ماتەم قۇرغىل،
ماتەم قۇرماي تەرىقەتكە كىرەرمۇكىن؟

ھەق ۋەسلىگە يېتەي دىبسەڭ زارى قىلغىل،
زىكرىن ئايتىپ ئەرەنلەرگە يارى بەرگىل،
جەفا تارتىپ ئەرەنلەردىن ئۈلۈش ئالغىل،
ئۈلۈش ئالماي دىدارىنى كۆرەرمۇكىن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، ھەرنە دەرسەن بۇلھەۋەسسەن،
ھەقدىن قورقۇپ ئاخرەتكە غەم يېمەسسەن،
باشلىك بىرلە تۇنلەر قاتىپ ھۇ دېمەسسەن،
بۇلھەۋەسنى خوجام قەبۇل قىلارمۇكىن؟.



# 65 ـ ھېكمەت

ھەر سۇبھى دەم بوينۇم قسسپ رەببى دېسەم،
رەببىم مېنى مۇرادىمنى بېرەرمۇكىن؟
قانلار تۆكۈپ كۆزلەرىمدىن زار ئىڭراسام،
تەڭرىم مېنى ھالى دىلىم سورارمۇكىن؟

مۇھەببەتنى مەيدانىدا جان ئوينىتاسام،
مەنسۇر كەبى باشىم بېرىپ دار ئويناتسام،
يۈزمىڭ تۈرلۈك جەفا تارتىپ جان قىيناتسام،
ئاجىز قۇلۇڭ جەمالىڭنى كۆرەرمۇكىن؟

«يا رەببەنا» زىكرىن ئايتىپ زاكىر بولسام،
سانسىز مېھنەت باشقا ئالىپ شاكىر بولسام،
ياخشىلارنىڭ سۆھبەتىدە ھازىر بولسام،
مىسكىن بەندەڭ فەيزۇ فۇتۇھ ئالارمۇكىن؟

زاھىدلاردەك نەماز ئوقۇپ تائەت قىلسام،
ئاشىقلاردەك يىغلاماقنى ئادەت قىلسام،
ئۆز يەرىمدە غەرىبلىقنى راھەت بىلسەم،
دەرگاھىدە خاجەم قەبۇل قىلارمۇكىن؟

يىگىتلىكدە تائەت قىلىپ ئېگىلمەدىم،
فەرىب چەكتىم رىيازەتدە بوغۇلمادىم،

لا ـ لا ئايتىپ «ئىللەللاھ»دا سوقۇلمادىم،
خىزىر بابام ئۆز يولىغا ئالارمۇكىن؟

بۇ دۇنيادا مەندەك ئاسىي ھەرگىز بولماس،
مۇنداق گۇناھ تەرسا، جوھۇد، كافىر قىلماس،
ئۆلۈپ بارسام دوزاخ ئىچرە ئورۇن بەرمەس،
تەۋبە قىلسام خاجەم قەبۇل قىلارمۇكىن؟

ھاجەت تىلەپ دەرگاھىغا يىغلاپ كەلدىم،
جاندىن كېچىپ، بىلىم مەھكەم باغلاپ كەلدىم،
ئەيىب ياپقۇچى سەتتارلىقىڭ ئاڭلاپ كەلدىم،
قان يىغلاسام ھاجەت رەۋا بولغايمۇكىن؟

قىزىل يۈزۈم رىيازەتتە سارغايتمادىم،
سەھەرلەردە غەرىب جانىم ئىڭراتمادىم،
ھەركۈن تېپىپ ئىت نەفسىمنى ئۆرگەتمەدىم
ئەلكۆھ دېسەم كافىر نەفسىم ئۆلەرمۇكىن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، كۆڭۈل كۆزى ئاچىلغايمۇ؟
تىللارىمدىن دۇررۇ گەۋھەر ساچىلغايمۇ؟
كۆپ يىغلاسام گۇناھلارىم تۆكۈلگەيمۇ؟
ئوشال ۋەقتنى ماڭا ئەتا قىلۇرمۇكىن؟

# 66 ـ ھېكمەت

سەنسەن مېنىڭ پەناھىم دەپ يولغا كىرسەم،
بىرۇ بارىم مېنىڭ يولۇم ئاچارمۇكىن؟
ھەرام شۇبھە قاراڭغۇلۇق باسقان كۆڭلۇم،
رەۋشەن بولۇپ دۇررۇ گەۋھەر ساچارمۇكىن؟

نەزەر تاپسە خەستە كۆڭلۇم رەۋشەن بولۇر،
يۈزمىڭ خەتا گۇناھلارىم پىنھان بولۇر،
لۇتف ئەيلەسەڭ يۈزمىڭ ئاسىي خەندان بولۇر،
ھەق ياندۇرغان چىراغ ھەرگىز ئۆچەرمۇكىن؟

«ئەئۇزۇبىللاھ مىنەششەيتانىررەجىم» دېسەم،
تائەت بىلەن سۆڭەكلەرىم ھەلىم قىلسام،
ئەھلۇ ئەيال خانۇمانىم غەنىم قىلسام،
شەيتان لەئىن مەندىن يىراق قاچارمۇكىن؟

يول ئاستىدە ئەزىز باشىم تۇفراق قىلسام،
جانۇ دىلىم ھەق زىكرىغە مۇشتاق قىلسام،
زىكرىن ئايتىپ مۇردار تەنىم ئافاق قىلسام،
«ئەلەست» خەمرىن مىسكىن بەندەڭ ئىچەرمۇكىن؟

ئاللاھ دېدى ھەزرەتىڭگە سىغىنىپ بارسام،
مۇھەببەتنى شەۋقى بىرلە كۆكسۈم يارسام،

دەردىڭ تارتىپ ھەمدىڭ ئايتىپ ئاچىلىپ بارسام،
ۋۇجۇدۇمدىن بۇ ئۇقبالار كۆچەرمۇكىن؟

تاغدىن ئاغىر گۇناھىم بار ئۆتەي دېسەم،
گۇناھىم كۆپ يەرگە سىغماس تاپاي دېسەم،
باشىم ئالىپ بەيابانلار كېتەي دېسەم،
رەھمان تەڭرىم گۇناھىمدىن ئۆتەرمۇكىن؟

تەرىقەتنىڭ بازارىندە سەۋدا قىلسام،
مەنسۇر ياڭلىغ «ئەنەل ـ ھەق»نى غەۋغا قىلسام،
خىزمەت قىلىپ دەردى ھالەت بەيان قىلسام،
دىدار كۆرۈپ روھىم ئەرشكە يېتەرمۇكىن؟

ئۆلەر ۋەقتدە ئارسلان بابامنى بىر كۆرسەم،
گۆدەكلىكدە بىلەلمەدىم جانىم بەرسەم،
ھەربىر باسقان ئىزىن ئالىپ كۆزگە سۈرسەم،
كۆكسۇمدەكى گىرىھلەرىم ئاچارمۇكىن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، زاھىد بولۇپ مەسجىد كىرسەم،
خابى غەفلەت ھەرام قىلىپ قائىم بولسام،
لەبە ئالىپ قىيامەتدىن قورقۇپ بارسام،
ئۇچماغ ئىچرە ھۆرۈ غىلمان قۇچارمۇكىن؟

# 67 ـ ھېكمەت

نىيەت قىلدۇق كەئبەگە، رىزا بولۇڭ دوستلارىم،
يا ئۆلگەيمىز ـ كەلگەيمىز، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

نىيەت قىلدۇق كەئبەگە، ھەق مۇستەفا رەۋزەگە[1]
نەسىب قىلغاي بارچەغە، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

نەسىب بولسە بارغايمىز، نەسىب بولسە كەلگەيمىز،
ئەجەل يەتسە ئۆلگەيمىز، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

رىزا بولۇڭ ئۆزۈمدىن، ياخشى ـ يامان سۆزۈمدىن،
ئۆتۈڭ مېنى يۈزۈمدىن، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

قۇدرەت بولسا يۈرۈڭىز، كۈچ بولماسا تۇرۇڭىز،
دۇئا قىلا كۆرۈڭىز، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

دوستلار بىزنى يوقلاغاي، پاسىقلار كۆپ ئۇخلاغاي،
مەسجىد سارى كەلمەگەي، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

سىردىن بولدى ئىشارەت، مۇندا قىلدۇق ئىمارەت،
قىلغاي رەسۇل شەفائەت، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

---

① رەۋزە ــ باغچە، جەننەت باغچىسى؛ زىيارەتگاھ.

ئارسلان بابدىن بشارەت، پىردىن تىلەپ ئىجازەت،
دوستلار قىلغاي ئىبادەت، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

كەئبە سارى كۆچەيلۈك، زالىملەردىن قاچايلىك،
يېمىشلەردە ھەلال يوق، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

كەچتى قۇلۇڭ جانىدىن، چىقتى خەلقىنىڭ سانىدىن،
دوستلار بارغاي سوڭىدىن، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

خوجا ئەھمەد يۇم كۆزۈڭنى، خەلققە ئايتغىل سۆزۈڭنى،
كەئبەگە سۈرت يۈزۈڭنى، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.



# 68 ـ ھېكمەت

كۆزۈم نەملىك، دىلىم غەملىك، جان ئەلەملىك،
نېچۈك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.
بۇ ھەسرەتدە، نەدامەتدە ياشىم ئاقىپ،
قايۇ تەرەف كېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئەلامەتلەر بولدى پەيدا،
يۈرەكىمدە جەراھەتلەر بولدى پەيدا.
بۇ دۇنيادا لەھزە فارىغ بولماغ قايدا،
نېچۈك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

ئاللاھ ئۈچۈن فەرزەندلەرىم يېتىم قىلسام،
جاندىن كېچىپ، مالدىن كېچىپ غەرىب بولسام،
بەيابانda يالغۇز قازدەك نالە قىلسام،
نېچۈك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

خاس قۇللاردەك كېچەلەرى قائىم بولسام،
مەردانلاردەك كۈندۈزلەرى سائىم بولسام،
كېچەلەرى ئارام ئالماي رەببىم دېسەم،
نېچۈك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

تۇخمى ئىسيان[1] بىھەد چاچتىم تائەتىم ئاز،
ئۆتتى ئۆمرۈم غەفلەت بىرلە ھەم قىشۇ ياز،

---

① تۇخمى ئىسيان — ئىسيان ئۇرۇقلىرى، گۇناھ ئۇرۇقى.

ياقىن تۇرۇر جانىم قۇشى قىلسە پەرۋاز،
نېچۇك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

گۇل خوجا ئەھمەد خىزمەتىدە جان بەرمەسە،
دېھقان ئەرمەس كەتمەن چاپىپ نان بەرمەسە،
ۋا بولماغاي گۇل غۇنچەسى نەم بولماسە،
نېچۇك ئىلاج ئېتەرىمنى بىلمەم دوستلار.

# 69 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، خەرابلىقدە قاتتى باشىم،
قىلاي ئەمدى ھەسبى ھالىم بەيان ئەمدى.
كارۋان كەتتى چۈستۇ چابۇك مەنزىل ئاشتى،
تەشنە بولغاچ قىلدىم ئاھۇ ئەفغان ئەمدى.

مەركەب ياغىر، يۈكۈم ئاغىر، ئۆزۈم غەمكىن،
ھەسرەت بىرلە ئەقلۇ ھۇشۇم كەتتى تەمكىن،
ئۆتۈپ كارۋان كۆزدىن غايىب بولدىمۇكىن؟
بارۇر جايىم بىلەلمەسمەن قايان ئەمدى؟

ئەبەس ئۆتتى ئەسسىز ئۆمرۈم رەسۋالىقدە،
ھېچ بولمادىم زەمان تەرسى خۇدالىقدە،
دائىم يۈردۈم نەفسىم ئۈچۈن گەدايلىقدە،
ھەرنە قىلغان سەۋدالارىم زىيان ئەمدى.

بۇ ھالەتدە ئول ئەزرائىل كەلسە ناگاھ،
ئىسسىغ تەندىن جاننى ئالغاي ۋا ھەسرەتا،
ئالۇر شەيتان ئىمانىڭنى، قىلۇر رەسۋا،
بۇرادەرلەر ئارا يولدا قالغان ئەمدى.

ئول ھالەتدە سۆز ئايتۇرغە يوقتۇر دەرمان،
ئۆچۈپ قالغاي ۋۇجۇد ئىچرە شەمئى ئىمان،

قىزىلگۇلدەك يۈزۈڭ بولغاي مىسلى سامان،
قارىپ بولدۇڭ يەر ئاستىغە نىھان[1] ئەمدى.

زەنۇ فەرزەند[2] ئاغا ــ ئىنى يىغلىپ كەلگەي،
مىراس دىبان مالۇ مۈلكىن بۆلۈپ ئالغاي.
ئىندەك سۆدرەپ قارا يەرگە سىنى كۆمگەي،
لۇقمە قىلۇر قارىش ئاتلىق يىلان ئەمدى.

كەل ئەي خائىف[3]، بۇ ئىشلاردىن خەبەر ئالغىل،
تەۋبە قىلىپ دائىم ئاللاھ سارى بارغىل،
قۇل خوجا ئەھمەد دۇنيالىقدىن ئۈتۈپ يانغىل،
شايەد نەزەر قىلغاي پىرى مۇغان ئەمدى.

---

① نىھان ــ مەخپىي، يوشۇرۇن.
② زەنۇ فەرزەند ــ ئايال ۋە بالا، ئاياللار ۋە بالىلار.
③ خائىف ــ قورقۇچى.

# 70 ـ ھېكمەت

ئۇقبا خەبەرىن ئىشىتىپ دۇنيانى سالىپ كېتەرەم،
تۇشدۇم ئەرەنلەر بەھرىگە، دۇنيانى سالىپ كېتەرەم.

ئەرەنلەر دۇنيا دېمەدى، دۇنيا غەمىن ھەم يېمەدى،
ھەقدىن ئۆزگەنى دېمەي، دۇنيانى سالىپ كېتەرەم.

مۇسا، ئىمران قالمادى، تەختى سۇلەيمان قالمادى،
مىلك ياشلىغ لوقمان قالمادى، دۇنيانى سالىپ كېتەرەم.

دۇنيا دېگەن ئازار ئەرمىش، ئاقىل قۇللار بىزار ئەرمىش،
جاھىللار بىرلە يار ئەرمىش، دۇنيانى سالىپ كېتەرەم.

سۇلتان خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئايتدى بۇ ھېكمەتنى تەمام،
ئىشىتسۇن دەپ جۇملە جاھان، دۇنيانى سالىپ كېتەرەم.



# 71 ـ ھېكمەت

خۇشلامايدۇر ئالىملار سىزنى ئايغان تۈركىينى،
ئارىفلاردىن ئىشتسەڭ ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى،
ئايەت ـ ھەدىس مەئنەسى تۈركىي بولسە مۇۋافىق،
مەئنەسىغە يەتكەنلەر يەرگە قويار بۆركىنى.

قازى، مۇپتى، موللالار شەرىئەتدە راھىنى،
ئارىپ ئاشىق ئالىپدۇر تەرىقەتنى ئەركىنى،
ئەمەل قىلغان ئالىملار دىنىمىزنى چىراغى،
بۇراق مىنەر مەھشەردە ئەگرى قويار بۆركىنى.

ئەمەل قىلسە ئالىملار دىنۇ ئايىن يارۇقى،
كۆرسە بولۇر ئالارنى رەڭگى رويى كۆركىنى.
ئەمەل قىلماي «قال» ئىلمىن ئوقۇي بىلمەي قالغانلار،
ئارقاسىغە كۆتەرۇر قىرق ئېشەكنى يۈكىنى.

خاجەمەن دەپ لاپ ئاتما، ئۇشبۇ دۇنيا بىپايان،
بىلەمەن دەپ ئايتما سەن كۆڭۈلدىكى چىركىنى.
رەھنەمادۇر خاجە ئەھمەد گۈلىستانى مەئرىفەت،
سۆزلەر سۆزى ھەقىقەت ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.

مىسكىن ئاجىز خوجا ئەھمەد يەتتى پۇشتۇڭغە رەھمەت،
فارسىي تىلنى بىلىبان، ياخشى سۆزلەر تۈركىينى.

# 72 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلارىم ئۆلسەممەن، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر،
گۆرگە كىرىپ ياتسامەن، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

ئېلتىپ لەھەدكە قويسالار، ئارقاغە باقماي يانسالار،
سوراق ـ سوئالىم سورسالار، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

كىرسە قارىش ئاتلىغ يىلان، چولغانسە تەنگە شۇل زەمان،
قالماس پۈتۈن بىر ئۇستۇخان، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

جۈملە يىغىلىپ مۇرۇ مار، ئەترافىمدە نىش ئۇرار،
مۈشكىل ئېرۇر پەس كارۇ بار[1]، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

ھېچ كەلمەدى مەندىن سەۋاب، ئاندا نە بەرگۈمدۇر جەۋاب،
گەر قىلسالار يۈزمىڭ ئەزاب، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

بولسە قىيامەت كۈنى ھازىر بولۇر بارچەلەرى،
قىلغان ئەمەللەرىڭ قانى، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

ئەي قۇل ئەھمەد، سەن بۇ كۈن قىلغىل ئىبادەت كۈنۇ تۈن،
دېمەگىل ئۆمرۈمدۇر ئۇزۇن، بىلمەمكى ھالىم نە بولۇر؟ .

---

① كارۇ بار ــ ھەممە ئىشلار، ئەھۋال.

## 73 ـ ھېكمەت

نەچچە يىللىق مېھربانىم جان ئىدىلەر دوستلارىم،
بۇ ۋۇجۇدۇم شەھرىنى فانىي قىلادۇر دوستلارىم.

بۇ قەفەسنى تۇتسى پەرۋاز قىلادۇر ئۇچقالى،
بىر قارانغۇ شۇئلەسىز يەرگە بارادۇر دوستلارىم.

ئەي مېنى يارانلارىم، ھىممەت تۇتۇڭ ئىمانىمە،
دۇشمەنىم ئىمانىمە زەھمەت بېرەدۇر دوستلارىم.

ئۇشبۇ جان بىزلەر بىلە بىر نەچچە يىللار بار ئىدى،
ھەق تەئالا ھۆكمى بىرلە ئەزم ئېتەدۇر دوستلارىم.

بۇ مېنىڭ ئەئزالارىم جانىم بىلە شادمان ئىدى،
جان چىقاردا كۆللى ئەئزام تىترەشەدۇر دوستلارىم.

ئەمرى ھەقغە بارچە خەلقى ئالەمىن بولدى رىزا،
ئول ھەقىقەت بەندەلەر دائىم رىزادۇر دوستلارىم.

قۇل خوجا ئەھمەد تۇتسى پەرۋاز ئېتەدۇر ئۇچقالى،
نەيلەسۇن مىسكىن ھۆكمى خۇدادۇر دوستلارىم.

## 74 ـ ھېكمەت

ئۆمرۈم زايىئ غەپلەت بىرلە يەلدەك ئۆتتى،
ھەسرەتىڭدە كۆزدىن ياشىم قاندەك كەتتى،
بىلدىم دوستلار، بۇ ئەقلىم ئەمدى يەتتى،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.

سەھەرلەردە قۇرئان ئوقۇپ سەنا قىلسام،
ھەزرەتىڭگە قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسام،
زارى قىلىپ بۇ جانىمنى فىدا قىلسام،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.

ھىرسۇ ھەۋا، نەفس يولىنى قويماق كېرەك،
مەنسۇر ياڭلىغ دار باشىغە مىنمەك كېرەك،
نەسمىيدەك جان ئاچچىغىن چەكمەك كېرەك،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.

«فەزكۇرۇنى ئەزكۇركۇم» ئايەتىدىن،
ئىمان بولدى ھەق تەئالا تائەتىدىن،
كەچمەك كېرەك ئۇشبۇ نەفسىڭ راھەتىدىن،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.

زاھىدلەرگە زۇھدۇ ئەمەل تەقۋا كېرەك،
رىيازەتلىك ئاشىقلارغە فەتۋا كېرەك،

ئول تەرىقەت ئەر بولغانغە دەئۋا كېرەك،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.

ئارتۇر دىل زەنگەرىنى «ھۇۋ - ھۇۋ» يادى،
ئاشىقلارنى كېچە - كۈندۈز «ھۇۋ» مۇرادى،
«ھۇۋ - ھۇۋ» تېيۇ جان بەرگەيسەن، قۇل ئەھمەدى،
سەھەرلەردە قوپۇپ تائەت قىلغۇم كېلۇر.



# 75 ـ ھېكمەت

ھېچ بىلمەدىم نېچۈك كەچتى ئۆمرۈم مېنىڭ،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نې قىلغايمەن؟
نېتەك بولغاي يولغا سالساڭ مەن ئاجىزنى،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

يولدىن چىقىپ ئازغانىمنى بىلمەدىممەن،
ھەق سۆزىنى قۇلاغىمغا ئالمادىممەن،
بۇ دۇنيادىن كېتەرىمنى بىلمەدىممەن،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئالىپ يولغا كىرمەي،
نەۋھە ـ فەرياد ئېتىپ ئاندا ئۆرتەپ يانماي،
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈمشمەن ئۆزنى بىلمەي،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

جانىڭ چىقىپ تېنىڭ ياتۇر تار لەھەتدە،
سورغۇچىلار كېلىپ سورسا ئول ھالەتدە،
ئاقار ياشىم، كېتەر ھۇشۇم ئول ۋەقتدە،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

غافىللىقدە يۈرۈدۈگىسەن ئىتدەك كېزىپ،
تېنىڭ ياتۇر تار لەھەتدە ئەسرۇ شىشىپ،

ئىش قىلمادىڭ سەن تەڭرىگە كۆكسىن تېشىپ،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، بۇ دۇنيادا تەۋبە قىلغىل،
تەۋبە قىلىپ يول باشىغا بارىپ تۇرغىل،
خاس قۇللاردەك ئازۇقۇڭنى ئالىپ يۈرگىل،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟



# 76ـ ھېكمەت

ھەركىم قىلسا تەرىقەتنىڭ دەئۋاسىنى،
ئەۋۋەل قەدەم شەرىئەتكە قويماق كېرەك.
شەرىئەتنىڭ ئىشلارىنى ئەدا قىلىپ،
ئاندىن سوڭرە بۇ دەئۋانى قىلماق كېرەك.

شەرىئەتسىز دەم ئۇرماسلار تەرىقەت دەپ،
تەرىقەتسىز دەم ئۇرماسلار ھەقىقەت دەپ،
ئۇشبۇ يوللار يېرى بىلىنۇر شەرىئەت دەپ،
جۈملەسىنى شەرىئەتدىن سورماق كېرەك.

ئاندىن سوڭرە بىر ئەر كېرەك ئىرادەتلىغ،
بولمىش بولسا ئول بىر ئەردىن ئىجازەتلىغ،
شەرىئەتدە راست مۇۋافىق كەرامەتلىغ،
ئوشال ئەرنىڭ ئېتەكىنى تۇتماق كېرەك.

كىم بىلمەيىن بۇ يوللارنى شەيخمەن دېسە،
كەرامەتدىن ۋەلايەتكە خەبەر بەرسە،
باتىل ئېرۇر ئەگەر روھۇل ـ ئەمىن ئەرسە،
ئۆزىن ئانداق باتىللاردىن ساچماق كېرەك.

ئىرادەتسىز، ئىجازەتسىز مۇرشىد بولماس،
تەرىقەتنىڭ يوللارىنى ھەرگىز بىلمەس،

مۇبتەدىدۇر ئىرادەتكە لايىق ئەرمەس،
ئانداغلاردىن يىراغ ـ يىراغ قاچماق كېرەك.

ئىرادەتنى بەرگىل ئەھلى ئىجازەتكە،
قائىم بولغىل تۈنىيۇ كۈن رىيازەتكە،
ساناپ ئانى قۇللىغىنى ئىبادەتكە،
قۇللىغىدا بەلنى باغلاپ تۇرماق كېرەك.

ئاندىن سوڭرە مۇجاھەدە تونىن كىيىپ،
رىيازەتنى بوستانىدا ئېرىپ ئاقىپ،
مەنمەنلىكدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى ساف قىلىپ،
ئىززەت ـ راھەت ساتىپ خارلىق ئالماق كېرەك.

ئۇشبۇ تۇرۇر ئەرەنلەرنى قىلغانلارى،
تالىبلارغە بىلسۇن دېبان ئايغانلارى،
راستدۇر بۇ سۆز، بىلگىل يوقتۇر يالغانلارى،
جان قۇلاغى بىرلە مۇنى بىلمەك كېرەك.

سىدقى بىرلە ھەركىم قەبۇل قىلسا مۇنى،
ئىئتىقادى بىرلە بولسا تۈنۇ كۈنى،
يادى بىرلە مەشغۇل بولسا يەلدا تۈنى،
ئەرەنلەردىن ھىممەت يارى قىلماق كېرەك.

ئىرادەتسىز ئۇشبۇ يولغا كىرمەدىلەر،
ئىنابەتسىز يولغا قەدەم قويمادىلار،
ئىجازەتسىز يارىم نەفەس ئۇرمادىلار،
مۇرىد بولغان بۇ سىفەتلىغ بولماق كېرەك.

ھەركىم كىرسە ئۇشبۇ يولغا بىلىن باغلاپ،
قۇل خوجا ئەھمەد كىرىپ ئۆزنى خادىم ئەيلەپ،
نىيەتنى خۇدايىغا دۇرۇست ئەيلەپ،
تەۋەججۇھنى[1] ئەزىزلەرگە قىلماق كېرەك.



① تەۋەججۇھ ــ يۈزلىنىش، ئەگىشىش.

# 77 ـ ھېكمەت

شەرىئەتنى شەرائىتىن بىلگەن ئاشىق،
تەرىقەتنى مەقامىنى بىلۇر دوستلار.
تەرىقەتنى ئىشلارىنى ئەدا قىلىپ،
ھەقىقەتنى دەرياسىغە پاتار دوستلار.

دىدارىنى بىلىپ بولماس تۈن ـ كۈن ئۆيۈپ،
پاك ئىشقىنى قولغا ئالماي بولماس يۈرۈپ،
ھەقىقەتنى دەرياسىنى خەتەرى كۆپ،
ھېچ ئۇخلىماي دىدارىنى كۆرەر دوستلار.

ئايا ئاشىق، بۇ دۇنيادا مېھنەت تەرگىل،
تارتقان جەۋرۇ جاپالارنى راھەت بىلگىل،
«ھۇ» سۆھبەتىن قۇرغان يەرگە ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
ئۇرغان ئاشىق مۇرادىغا يېتەر دوستلار.

بۇ يوللارنى غىزاسىدۇر قايغۇ مېھنەت،
مېھنەت تارتىپ جەفا چەككەن كۆرەر راھەت،
سەھەرلەردە زارى قىلغان خۇش سەئادەت،
«ھۇ ـ ھۇ» تەيۇ بۇ دۇنيادىن ئۆتەر دوستلار.

چىن دىل بىرلە يىغلاغانلار كۆرگەي لىقا،
سۇبھان ئىگەم دىدارىنى قىلغاي ئەتا،

قۇلاۋۇزسۇز يولغا كىرمەك، ئەيىنى خەتا،
يولغا كىرگەن مەنزىللەردىن ئۈزار دوستلار.

ۋادەرىغا، ئۆتتى ئۆمرۈم بىلمەي قالدىم،
بۇ دۇنيانى ئەسبابىنى قولغا ئالدىم،
دۇنيا ئىزلەپ، دىن ئىشىنى ئارتقا سالدىم،
بىلەلمەسمەن ھالىم نېچۈك بولار دوستلار.

مۇھەببەتنى شەرابىدىن تاتماغانلار،
بايەزىددەك ھەر كۈن ئۆزىن ساتماغانلار،
بۇ دۇنيانى ئىززەتىدىن ئۆتمەگەنلەر،
ھەيۋان ئېرۇر، بەلكى ئاندىن بەتەر دوستلار.

ئاشىق بولساڭ، ئىشق يولغا قويغىل قەدەم،
دۇنيا ئۇقبىن تەلاق قويغىل مىسلى ئەدھەم،
ئاقىل ئەرسەڭ دۇنيا ئۈچۈن يېمەگىل غەم،
قىيامەت كۈن جەزالارىن بېرەر دوستلار.

سىر شەرابىن ئىچكەن ئاشىق ئۆزىن بىلمەس،
بۇ دۇنيانى ئىززەتلەرىن كۆزگە ئىلماس،
يۈزمىڭ دانا ناسىھ بولسا پەندىن ئالماس،
ۋەشۇقىغا دەپ ئۆزىن بىلمەي يۈرەر دوستلار.

روزى ئەلەست خۇدا ئۆزى نىدا قىلغان،
«قالۇ بەلا» دېبان روھلار جەۋاب بەرگەن،
ھەزرەت تابا روھلار ئۇچۇپ قارشۇ كەلگەن،
ئانداغ ئاشىق ھەق جەمالىن كۆرەر دوستلار.

قۇل خوجا ئەھمەد، ئاشىق بولساڭ دۇنيا قويغىل،
ئاخىرەتنى ئەزابىدىن قايغۇ يېگىل،
ئەرەنلەرنى قىلغانلارىن ھەم سەن قىلغىل،
خىزمەت قىلغان ئاخىر مۇراد تاپار دوستلار.

# 78 ـ ھېكمەت

كېلىڭ دوستلار، ئاللاھ يادىن دائىم ئېتىڭ،
ئاللاھ يادى كۆڭۈل مۆلكىن ئاچار دوستلار.
ئەستەغفىرۇ ئىستىغفارنى تىنماي ئايتىڭ،
شەيتان لەئىن تەن مۈلكىدىن قاچار دوستلار.

شەيتان لەئىن سىزگە دۈشمەن ھازىر بولۇڭ،
كېچە ئاللاھ، كۈندۈز ئاللاھ ئايتىپ ئۆلۈڭ،
تار لەھەدكە كىرەر ۋەقتىدە نۇرغا تولۇڭ،
مەلائىكلەر ئەللاھ نۇرىن ساچار دوستلار.

ئاللاھ نۇرى قەبرە ئىچىن رەۋشەن قىلغاي،
مەلائىكلەر تەگرەسىدە رەۋزەن قىلغاي،
مۆئمىن بەندە كۆرۈپ ئانى ھەيران قالغاي،
بۇ ئالەمنى رەۋشەنىدىن كېچەر دوستلار.

بارچە ئەرۋاھ يىغلاپ كەلگەي مۇبارەككە،
خەلايىقلار مەشغۇل بولغاي تەبارەككە،
دۇئا قىلىپ يانغاندىن سوڭ قالۇر يەككە،
جۈملە ئەرۋاھ سۆيۈنۈپ بىر ـ بىر قۇچار دوستلار.

يەتتى قەدەم قويغاندىن سوڭ مۇنكىر ـ نەكىر،
ھەيبەت بىرلە كىرىپ كەلگەي قىلىپ قەھر،

ئىككى كۆزى ئوتدەك يانىپ ئۆكرەپ تۇرۇر،
نۇرىن كۆرۈپ تەئزىم قىلىپ قۇچار دوستلار.

مۇنكىر ـ نەكىر سورماي چىقىپ نالە قىلغاي،
كۆز ياشىنى ئاققۇزۇبان ژالە قىلغاي،
ھەق يادىنى ئايتىپ ئۆزىن ۋالە قىلغاي،
پەرۋاز قىلىپ ھەۋا سارى قۇچار دوستلار.

نىدا كەلگەي ئىلاھىمدىن: نە يىغلادىڭ؟
خاس قۇلۇمدىن قەبرە ئىچىندە نە تىلەدىڭ؟
ئەي بىئەدەب، قۇلاق سالىپ ني ئاڭلادىڭ؟
مۇنكىر ـ نەكىر ئوڭۇ سولغا قاچار دوستلار.

يۇرسە ـ تۇرسا، ياتسا ـ قوپسا مېنى يادىم،
خەتتى بەرات قولغا ئالغان ئول ئازادىم،
ئانداغ قۇلنى سەيدىدۇرمەن ئول سەييادىم،
قىلمىش ـ ئەتمىش گۇناھلاردىن كېچەر دوستلار.

گۇناھلارىن ھەق باغىشلاپ نەزەر قىلغاي،
ئوڭدا ـ سولدا ياتقانلارى شاكىر بولغاي،
ئاندىن سوڭرە بارچە ئەرۋاھ ھازىر بولغاي،
قەبرىستانغا ھەق رەھمەتىن ساچار دوستلار.

بىھەمدىللاھ، ياخشى كەلدى، بىز قۇتۇلدۇق،
قەبرە ئىچىندە ھەر ئەزابدىن فارىغ بولدۇق،
نەچچە يىللار مۇردا ئېردۇك، بەس، تىرىلدۇك،
دۇئا قىلىپ ھەققە ئىلكىن ئاچار دوستلار.

مۇنكىر ـ نەكىر يىغلاپ ئايتۇر: سەن بىلۇرسەن،
زاتىڭ ئۇلۇغ ھەرنە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن،
لۇتۇق ئەيلەسەڭ يولسىزلارغا يول بىرۇرسەن،
سەجدە ئەيلەپ شاكىر تىلىن ئاچار دوستلار.

لائىلاھە ئىللەللاھغا شەيدا بولغان،
دىدار ئۈچۈن بۇ ئالەمدە رەسۋا بولغان،
دۇنيا قويۇپ ئاخىرەتنى سەۋدا قىلغان،
ھەۋزى كەۋسەر شەرابىدىن ئىچەر دوستلار.

روزى ئەلەست تەقدىر قىلسا ھەق جەمالى،
يۈزمىڭ شەيتان قەست ئەيلەسە يوق زەۋالى،
كۈندىن ـ كۈنگە زىياد بولغاي قالۇ ھالى،
دانا بولۇپ ھەق يوللارىن ئاچار دوستلار.

مۇھەببەتنى مەيدانىدا جەۋلان قىلغان،
ھەقىقەتنى دەرياسىدىن گەۋھەر ئالغان،
مەئرىفەتنى مەتائىنى ئىچكە سالغان،
يۈرسە ـ تۇرسا دۇررۇ گەۋھەر ساچار دوستلار.

ئاشىق ئۇلدۇر ھەققە جانىن قۇربان قىلسا،
زىكرىن ئايتىپ چارزەرب ئۇرۇپ سەھەر تۇرسا،
ئەرەنلەردىن فەيزۇ فۇتۇھ تولا ئالسا،
سۇلتان بولۇپ دۇررى گەۋھەر ساچار دوستلار.

ھەقتەئالا بۇيىن ئالغان مۇندا تۇرماس،
دەئۋا قىلىپ ئىشانلىقنى لافىن ئۇرماس،

قايدا بارسا فەقىر ـ مىسكىن دۇكان قۇرماس،
غەرىب بولۇپ ۋەيرانەگە كۆچەر دوستلار.

قۇل خوجا ئەھمەد، نەفسىدىن ئۇلۇغ بەلا بولماس،
يەرۇ كۆكدىن تۇئمە بەرسەڭ ھەرگىز تويماس،
تۇفراغ ئولۇپ يەردە ياتساڭ كافىر بولماس،
نەفسى ئۆلگەن ھۆرۇ غىلمان قۇچار دوستلار.



## 79 ـ ھېكمەت

ياراتقان بىرۇ بارىم يولىن ئىزلەپ،
شەيتان لەئىن يوللارىدىن قايتىلىك دوستلار.
ئىخلاس بىرلە مۇھەببەتنى جامىن ئىچىپ،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ھەق زىكرىنى ئايتىپ ئىچكەن جامى شەراب،
يول ئۈستىدە ئەزىز باشى مىسلى تۇراب،
ئاللاھ ئۈچۈن ھالى خەراب باغرى كەباب،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ئاستانەگە باشىڭ قويۇپ زارى قىلسام،
ھەلقە قۇرۇپ كىم زىكر ئايتسا يارى بەرسەم،
زىكرىن ئايتىپ ئول سۆھبەتدىن دۇرلار تەرسەم،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ئەمەل قىلماي ئىلمىن باسىپ يۈرگەي،
ئۆلۈپ بارسا تار لەھەددە جانى كۆيگەي،
ئاللاھ، رەسۇل دىنىڭ كىم دەپ ھەيبەت قىلغاي،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

مۇنكىر ـ نەكىر: «مەن رەببۇك» دەپ سوئال قىلغاي،
قال ئىلمىدىن بىر نۇقتەسى كار قىلماغاي،

ۋاھەسراتا، ئەمەلسىزلەر نىچۇك قىلغاي،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ئاللاھ دىگەن قەندۇ ئەسەل پەيدا قىلدى،
ئاخىرەتدە ئاللاھ بىرلە سەۋدا قىلدى،
ئەمەل قىلغان چىن ئالىمنى دانا قىلدى،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

قاللىك چىراغ، ھاللىك پىلتە، ياغى ياشلىك،
نەچچە ئايتسام بەھرە ئالماس كۆڭلى تاشلىك،
يول ئۈستىدە تۇفراغ بولسۇن ئەزىز باشلىك،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ئەسسىز ئالىم ئەمەل قىلماي يولدا قالۇر،
ئوقۇپ ـ ئۇقماي دۇنيا مالىن قولغا ئالۇر،
ھەنمەنلىكدىن ئەسسىز ئۆمرىن زايە قىلۇر،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

زاھىر بۇزۇپ باتىن تۈزە ئالىم بولساڭ،
روزى مەھشەر قولۇڭ تۇتغاي تاڭلا بارساڭ،
ۋاۋەيلەتا، نەدامەت دەپ يولدا قالساڭ،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك دوستلار.

ئالىم ئولدۇر نەماز ئوقۇپ تائەت قىلسا،
ھەقدىن قورقۇپ ئاخىرەتنى غەمىن يىسە،
قۇرئان ئوقۇپ ھەقدىن قورقۇپ زار ئىڭراسا،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىلىك، دوستلار.

ئانداغ ئالىم ئىككى كۆزى ئالىم بولۇر،
سەھەرلەرى ئەرتە قوپۇپ نالان قىلۇر،
ھەق يولىدا كۆيۈپ - يانىپ بىر يان بولۇر،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىڭ دوستلار.

خارلىق تارتىغىل كۇفر نەفسىڭ باشى قاتسۇن،
دائىم مۇدام بۇ دۇنيادىن يىغلاپ ئۆتسۇن،
تۇفراغ بولغىل ئالەم سىنى باسىپ ئۆتسۇن،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىڭ دوستلار.

خارلىق تارتىپ ھەق مۇستەفا ئۇممەت دىدى،
ئاسىي - جافىي ئۇممەتلەرىن غەمىن يىدى،
ئانىڭ ئۈچۈن ئۇممەتلەرى قۇۋۋەت ئالدى،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىڭ دوستلار.

ئۇممەت ئۈچۈن باغرىدا يوق زەررە پۈتۈن،
ئۇممەت دىسە دىماغىدىن چىقار تۈتۈن،
ھەقتەئالا قىلغايمۇ دەپ بىزنى ئوتتۇن،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىڭ دوستلار.

قۇل خوجا ئەھمەد، ئالاي دىسەڭ ھەقدىن ئۈلۈش،
بايەزىددەك نەفسىڭ بىلەن تۈن - كۈن ئۇرۇش.
ئەي بىخەبەر، ئۇممەت ئەرسەڭ بۇلدۇر رەۋىش،
جانۇ دىلدە ھەق زىكرىنى ئايتىڭ دوستلار.

## 80 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، بەيان ئەيلەي ھەق رەسۇلدىن،
ئۈممەت بولساڭ ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.
ئول «رەھمەتەن لىل ـ ئالەمىن» جۇزۇ كۇلدىن،
ئۈممەت بولساڭ ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

خۇداۋەندىم ئاتا قىلدى ئاڭا مېئراج،
رەھمەت بەھرى تولۇپ تاشىپ ئۇردى مەۋۋاج،
قويدى ئانى باشى ئۈززە لائەمرۇك تاج،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئەۋۋەل جىبرىل ئېلىپ كەلدى ئاڭا بۇراق،
بۇراق مىنىپ قىلدى ھەزرەت مىڭ تۇمتۇراق،
بۇراق ئۇچۇپ پەرۋاز قىلدى ھىندۇ ئىراق،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئەقسا بارىپ تۈشتى، كۆرۈپ ئاندا سەرۋەر،
يىغىلدىلار جۇملە روھلار ئول پەيغەمبەر،
مۇبارەك باد قىلدى روھلار ئاندا يەكسەر،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

جىبرىل ئالىپ ئول ھەزرەتنى قىلدى پەرۋاز،
ئول سىدرەتۇل ـ مۇنتەھاغا يەتتىلەر باز،

مۇستەفانى جبرىل قىلدى خوب سەرئەفراز،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

مەقامدىن ئۆتەلمەيىن جبرىل قالدى،
جىلاۋىنى ئول مكائىل كىلىپ ئالدى،
ئاخىر دەمدە ئول مكائىل ھارىپ قالدى،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئول ئىسرافىل ئانى ئالىپ ئۆچتى جىنان،
ئول مەقامدا رەسۇل قىلدى ئەجەب جەۋلان،
ئول ھەم قالدى مەقامدا قىلىپ ئەفغان،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئەرشكە قاراپ قەدەم قويدى رەسۇلللا،
نەئلەيننى سالاي دىدى ھەق مۇستەفا،
ندا كەلدى نەئلەين بىرلە سەن قويغىل ھا،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ھەق ساردىن ندا كەلدى: «ئەرىنى مەنى»،
«ئەي ھەبىبىم، ماڭا قەرىب كەلگىل بىرى،
مەھرەم قىلاي خاس سىررىمگە ئەمدى سىنى...»،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ھەقكە قاراپ قويدى قەدەم رەسۇلللاھ،
ھەقدىن ئۆزگە ھېچكىم يوقتۇر ئاندا ھەمراھ،
مۇندا مەقام ھېچكىمگە يوق ۋەللاھ بىللاھ،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

چىن ئۇممەتسەن بۇ سۆزلەرنى خوب بىلىپ ئال،
ئۇشبۇ سۆزلەر خاس ئۇممەتكە مانەندى بال،
مۇنافىقلا ياقماس بۇ سۆز، كەلگەي مەلال،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

مۇنافىقلار شەك كەلتۈرۈپ بولدى مەردۇد،
تاڭلا دەۋزەخ دىماغىدىن چىقار بىل دۇد،
سوگرە قىلغان پۇشەيماندىن ساڭا نە سۇد،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

مۇستەفانى مېئراجىغە سالغىل قۇلاق،
كىم ئىشتىسە كۆڭلى بولغاي خوب سۇدىن ئاق،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ يىغلا مىسلى بۇلاق،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

خۇدا ئايدى: «مېھمان بولۇپ كەلدىڭ ماڭا،
قانچە بولسا ھاجەتىڭنى ئايتغىل ماڭا،
قىلىپ خۇشنۇد ھاجەتىڭنى بىرەي ساڭا»،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

رەسۇل ئايدى: «تىلەگەنىم ئاسىي ئۇممەت،
بەلاغەتدىن قىرىق ياشنى قىلغىل رەھمەت،
ئەي خۇدايا، سەندىن رەھمەت، مەندىن شەپقەت»،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«تىلەگەنىڭ قەبۇل قىلدىم، يا ھەق رەسۇل،
سەن ئايتغانىڭ قەبۇل قىلدىم بولما مەلۇل،

كۆپ ـ كۆپ تىلە ھاجەتىڭنى قىلاي قەبۇل»،
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«قىرقىدىن ئارى ئەللىك ياشنى قىلدىم تەلەپ،
بىكەس يەتىم يىغلاپ كەلدىم ساڭا قاراپ،
كۆزۈم تىكتىم، يا ئىلاھى، ساڭا يىغلاپ»،
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«ئەللىك ياشنى بەردىم ساڭا، يا مۇستەفا،
قايتىپ تىلە مەن ئىبرۇرمەن ھاجەت راۋا،
كۆپرەك تىلە ھەرنە دىسەڭ بىرەي ساڭا»،
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«يا ئىلاھى، ئاتمىش ياشنى ئايتتىم ساڭا،
سەن تەۋانا، مەن ناتەۋان كەلدىم ساڭا،
بويۇن سونۇپ كەلدىم سىنى دەرگاھىڭا»،
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«خۇدا ئايدى ھاجەتىڭنى ئايتىڭ ماڭا،
خۇشنۇد بولغىل ئەمدى مەندىن، يا مۇستەفا،
مەن رازىمەن، سەن ھەم مەندىن بولغىل رىزا»
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

رەسۇل ئايدى: «ئەمدى تىلەي يەتمىش ياشنى،
غەم لايىغا پىتىپ قالغان ئارىلاشنى،
ئۈممەتىم دەپ مەن ئىچمەدىم تويۇپ ئاشنى»،
چىن ئۈممەتىسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«يەتمىش ياشنىڭ ھەۋالەسىن قىلغىل ماڭا،
قىيامەت كۈن رەھمەتىمنى ساچاي ئاڭا،
كۆڭلۈڭ تىنسۇن، ئىنايەتىم ئەمدى ساڭا»،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ، دوستلار.

«يەتمىش يىلدۇر ماڭا بەندە، ساڭا ئۈممەت،
زەنۇ فەرزەند ئۈچۈن چەككەن رەنجۇ كۈلفەت،
ئول بەندەمگە مەن بەرمەسمەن ئەسلا زەھمەت»،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«يەتمىش، سەكسەن، توقسان ياشقا يەتسە بەندەم،
كىچىپ ئانى گۇناھىنى قىلغۇم ئەدەم،
ئۈممەتىڭنى غەمى كەتسۇن، بولغىل بىغەم»،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

«قۇل قارىسا خاجە بىرۇر خەتتى بەرات،
بەندەم بەرسە، مەن بەرمەسەم ماڭا ئۇيات،
ئەي ھەبىبىم، خۇشنۇد سەن بولغىل شات»،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئەي بۇرادەر، مۇرىد سۆزى يالغان ئايتماس،
دىنى سۇستراق مۇنافىقلار نەلەر دىمەس،
ئول ئەزەلدىن تىرە بەختدۇر ئۆزگە كەلمەس،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ دوستلار.

ئەي بۇرادەر، مۇنافىققا بولما ئۈلفەت،
كىم ئۈلفەتدۇر باشى ئۆززە يۈزمىڭ كۈلفەت،

باشتىن ئاياغ مۇنافىقنى زىيان ـ زەھمەت،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ، دوستلار.

ھېكمەت قىلدى مېئراج سۆزىن قۇل خوجا ئەھمەد،
شۈكۈر ئەللاھ مۇستافاغا قىلدى فەرزەند،
ئارسلان بابام خۇرما بېرىپ قىلدى خۇرسەند،
چىن ئۈممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئايتىڭ، دوستلار.



## 81 ـ ھېكمەت

نە خۇش تاتلىق ھەق يادى سەھەر ۋەقتى بولغاندا،
بالدىن چۈچۈك ھۇ ئاتى سەھەر ۋەقتى بولغاندا

سەھەر ۋەقتى تۇرغانلار، جاننى فىدا قىلغانلار،
ئىشق ئوتىدا كۆيگەنلەر سەھەر ۋەقتى بولغاندا.

سەھەر ۋەقتى خۇش سائەت، تۇرغانغە بولغاي راھەت،
ئاچىلۇر دەۋلەت ـ سەئادەت سەھەر ۋەقتى بولغاندا.

ھەركۈن كۆيەر بۇ جانىم، قۇللۇقسىز يوق دەرمانىم،
سەن كەچۈرگىل گۇناھىم سەھەر ۋەقتى بولغاندا.

ئىمان شەمئىن ياندۇرساڭ، رۇھ قۇشنى كۆيدۈرسەڭ،
خۇدايىغا سىغىنساڭ سەھەر ۋەقتى بولغاندا.

قۇل خوجا ئەھمەد سائەتى، بىر زەررە يوق تائەتى،
زىكرى جاننى راھەتى سەھەر ۋەقتى بولغاندا.

## 82 ـ ھېكمەت

بىشەك بىلىڭ بۇ دۇنيا، بارچە خەلقدىن ئۆتەرا،
ئىنانماغىل مالىڭغا، بىر كۈن قولدىن كېتەرا.

ئاتا ـ ئانا، قارىنداش قايان كەتتى، فىكىر قىل،
تۆرت ئاياغلىق چۇبىن ئات بىر كۈن ساڭا يېتەرا.

دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە، ھەقدىن ئۆزگەنى دېمە،
كىشى مالىنى يېمە، سىرات ئۈزرە تۇتارا.

ئەھلى ئەيال، قارىنداش، ھېچكىم بولمايدۇر يولداش،
مەردانە بول غەرىب باش، ئۇمرۇڭ يەلدەك ئۆتەرا.

قۇل خوجا ئەھمەد، تائەت قىل، ئۆمرۈڭ بىلمەم نەچچە يىل،
ئەسلىڭ بىلسەڭ ئابۇ گىل، يەنە گىلگە كېتەرا.



# 83 ـ ھېكمەت

ئۆلۈم ئەلچىسى كەلدى، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن،
ساقال ـ ساچىڭ ئاقارۇپ، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

تېنىڭدە قالمادى قۇۋۋەت، ۋۇجۇدۇڭ بارچەسى زەھمەت،
ئالاردىن ئالماين ئىبرەت، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

ئۆلۈمنى ئەلچىسى كەلدى، ساڭا ئەمدى خەبەر بەردى،
ساڭا نە بولدى كېلىپ، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

قامۇغ يارانلارىڭ كەتتى، كۆرسەتتى بوينى تۇتتى،
كېلىپ يەر قويىندا ياتتى، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

بۇ دۇنيانى نېگە سۆيدۇڭ، غەلەت قىلدىڭ، خەتا قىلدىڭ،
قېنى ئۇقباغا نە قىلدىڭ، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

بۇ تەندىن جانىڭ ئالماققا، مەلەك كەلدى ئايىرماققا،
سېنى قويماس دەم ئۇرماققا، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

قۇل خوجا ئەھمەد، نە ئىش قىلدىڭ، ئۆزۈڭ ئاسراغۇ قىلدىڭ،
بۇ دۇنيا چىركەنىپ يىغدىڭ، ياراغلىق نېگە قىلماسسەن؟

# 84 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، كەتمەك ئۈچۈن مۇندا كەلدۇك،
كېلىپ ـ كەتمەك بائىسىنى بىلدىڭىزمۇ؟
ئەسلى ۋەتەن ئولدۇر، مۇندا مۇسافىرسەن،
سەۋدا ئۈچۈن كېلىپ سەۋدا قىلدىڭىزمۇ؟

كارۋان باشى خەبەر بەردى كۈللى جانغا،
سەۋدا قىل دەپ بۇيرۇدىلار ھەر قايانغا،
سەۋداسىنى قىلدى زىيان كۆپ نادانغا،
سۇدۇ زىيان قىلغانىنى بىلدىڭىزمۇ؟

ئاقىل قۇللار سەۋداسىنى قىلدىلار تەخت،
سەۋداسىنى قىلغان قۇللار بولۇر نىكبەخت،
بازارنى قىلىپ، باغلار يۈكلەرىن سەخت،
تەييار بولدى، سىز ھەم تەييار بولدىڭىزمۇ؟

سەردارىئى كارۋان باشى قىلسا خەبەر،
سەۋدا قىلغان، ئازۇق ئالغان قىلۇر سەفەر،
يۈك تانۇغلىق شادۇ خەندان يولغا تۈشەر،
جەھدۇ جەدەل قىلىپ يۈكنى تاڭدىڭىزمۇ؟

بازى نادان كىردى بازار، ئالدى دۇكان،
ھەمراھ بولدى ئول نادانغا ئاندا شەيتان،

تا قۇرۇغلۇق ئۇلتۇردىلار شادۇ خەندان،
ئۇشال دۇكان دۇنيا ئېرۇر بىلدىڭىزمۇ؟

سەۋدا قىلاي دېسە شەيتان قويماس بىلگىل،
ئايتۇر ئاڭا قويغىل بۇگۈن، تاڭلا قىلغىل،
ئۆمرۈڭ ئۇزاق، دەم غەنىمەت، ئىشرەت قىلغىل،
ئايتۇر ئاڭا ئىشرەت قىلىپ تويدۇڭىزمۇ؟

بۇ سۆز بىرلە نەقد ئۆمرىن قولدىن بەرگەي،
ئۆمرۈڭ بولدى بۇ دۇكاندىن چىققىل دېگەي،
ۋادەرىغ، دەپ قولىن تىشلەپ ئەفسۇس يېگەي،
سەۋدا ئۆچۈن ئەمدى ئەفسۇس يېدىڭىزمۇ؟

بۇ ھالەتدە ئەمىر كارۋان كەلگەي يېتىپ،
يۈرۈگىل دەپ ئەسلى ۋەتەن ھۆكمىن ئايتىپ،
سەۋدا قىلماي مۇنچە ئۆتدۈڭ نېتەك ياتىپ،
ئازۇق ئالماي يولغا كىرىپ يەلدىڭىزمۇ؟

قۇل خوجا ئەھمەد، سەۋدا قىلغىل بازار ئۆتمەي،
ئۆمرۈڭ كۈنى بىتمەس، ئەجەل كۈنى يەتمەي،
ناگەھاندا ئەجەل كېلىپ ياقاڭ تۇتماي،
ئەجەل كېلۇر ۋەقتىن دوستلار بىلدىڭىزمۇ؟

## 85 ـ ھېكمەت

ئادەم ئوغلى ئۆلگۈسى، يەر ئاستىغا كىرگۈسى،
كىم ياخشىدۇر، كىم يامان، ئاندا مەئلۇم بولغۇسى.

مۇندا ئۆزىن بىلگەنلەر، ھەققە قۇللۇق قىلغانلار،
ھەق يولىغا كىرگەنلەر يارۇغ يۈزلۈگ بولغۇسى.

مەنمەن قۇلمەن دېگەنلەر، يەر يۈزىگە كەلگەنلەر،
ھەرام ـ ھارىش يېگەنلەر بىر ـ بىر جەۋاب بەرگۈسى.

مۇندا ئۆزىن بىلمەگەن، نەسىھەتنى ئالماغان،
بەش ۋەقت نەماز قىلماغان ئاندا رەسۋا بولغۇسى.

ئەگەر ئاقىل بولساڭىز، نەسىھەتنى ئالساڭىز،
بەش ۋەقت نەماز قىلساڭىز، ئاندا پايدا بولغۇسى.

قۇللۇغ قىلغىل قۇلىغا، كىرگىل ھەقنىڭ يولىغا،
يارلىق ئالغان قولىغا ھۆرلەر قارشۇ كەلگۈسى.

ھەقدىن فەرمان بولغاندا، ئەزرائىل جان ئالغاندا،
سورۇغ ـ سوئال قىلغاندا، ئاندا ھەيران قالغۇسى.

ھەيران بولماس ئول كىشى، ئاقسا كۆزىنى ياشى،
ھەق بىلەن بولسا ئىشى، جەۋاب ئاسان بولغۇسى.

تائەت قىلغىل قىشۇ ياز، قۇل خوجا ئەھمەد بول گۇداز،
يۈزى قارا بىنەماز، ئاندا رەسۋا بولغۇسى.



# 86 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، يۈرەك ـ باغرىم بولدى كەباب،
ئىشقسىز ئىشق قەدرىنى بىلگەن بارمۇ؟
تۈنى ـ كۈنى غۇربەت تارتىپ ئىشق يولىدا،
بىۋاستە ھەق دىدارىن كۆرگەن بارمۇ؟

تاشقىن تۇرغان دەريالاردەك قايناپ يۈرگەن،
دۇنيا مالىن كۆرۈپ ئاڭا مەغرۇر بولغان،
ھايۇ ھەۋەس، ماۋۇمەنلىك دەئۋا قىلغان،
قارۇن ياڭلىغ دۇنيا مالىن كۆرگەن بارمۇ؟

ئىشق شىددەتى باقسا، تۈشسە ئاشىق بىلەر،
بىگانەلەر تاشلار ئاتىپ ئاڭا كۈلەر،
دىۋانە دەپ باشىن يارىپ قانغا بويار،
مەنسۇر ياڭلىغ ئىشق دارىغا مىنگەن بارمۇ؟ .

ئاشىق مەنسۇر «ئەنەل ـ ھەق» دەپ ياشى ئاقتى،
چىلتەن بىرلە ھەمراھ بولۇپ قابۇغ قاقتى،
يۈرەك ـ باغرى كەباب بولۇپ ئېرىپ ئاقتى،
گۆر ئىچىدە چىلتەنلەرنى كۆرگەن بارمۇ؟ .

شەيخ شىبلى سەمائ قىلىپ دائىم يۈردى،
تەختۇ بەختىن تاشلاپ ئەدھەم دۇكان قۇردى،

پەرۋانەدەك شەمئىن كۆرۈپ ئۆزىن ئۇردى،
پەرۋانەدەك ئەخگەر بولۇپ كۆيگەن بارمۇ؟

لەيلى تىيۇ سەھەرلەردە مەجنۇن ئۆتتى،
لەيلاسىنى كۆرگەن زەمان ھۇشى كەتتى،
ھەيران بولۇپ، سەرسان بولۇپ، باشى قاتتى،
ئۆتكەن ئاشىق ئەرەنلەرنى كۆرگەن بارمۇ؟

شىرىننى دەپ تاغلار كىزىپ ئاشىق فەرھاد،
شىرىننى كۆرگەن زەمان قىلدى فەرياد،
ئەقلۇ ھۇشىن تاراج قىلىپ بەردى بەرباد،
ئاشىق بولۇپ ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بارمۇ؟

زۇننۇن مىسرىي ئۆز شەھرىدىن چىقىپ كەتتى،
شەيخ بايەزىد يەتمىش يولى ئۆزىن ساتتى،
ئۆزىن بىلمەي ۋالە بولۇپ باشى قاتتى،
ئانداغ ئەرلەر دەئۋاسىنى قىلغان بارمۇ؟

ئول ئىبراھىم ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلدى،
ئول ئىسمائىل دىدار تەيۇ جانىن بەردى،
كۆزىن ئاچىپ ھەق جەمالىن ھازىر كۆردى،
ئىسمائىلدەك ھەق جەمالىن كۆرگەن بارمۇ؟

كۆپ ئاشىقلار بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتتى،
گۆرىستانىنى مەنزىلگە بارىپ يەتتى،
ئەھلۇ ئەيال، خانۇمانىن تاشلاپ ئۆتتى،
ئىبرەت ئالىپ قىزىل يۈزى سولغان بارمۇ؟

قۇل خوجا ئەھمەد دەردسىز ئۆتتى ئۆمرۈڭ، ئاڭلا،
خىزمەت قىلىپ ئەرەنلەرنى سۆزىن تىڭلا،
نەدامەتدە ياشىڭ تۆكۈپ تىنماي يىغلا،
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلگەن بارمۇ؟



# 87 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، تۈن ـ كۈن تۇرماي زىكرىن ئايتىڭ،
زىكرىن ئايتىپ قۇللۇغىندا بولماق كېرەك،
قۇللۇق قىلىپ تەكبىر ئايتىپ سۆھبەت قۇرسا،
ھەرنە بارى بولسا ھەقدىن كۆرمەك كېرەك.

ئىشققا قەدەم قويغانلارى مۇراد تاپتى،
كىمنى كۆرسە شېرىن كۆرۈپ ئەيىبىن ياپتى،
غەرىب بولۇپ ياخشىلارنى ئىزىن ئۆپتى،
شامۇ سەھەر خىزمەتلەردە تۇرماق كېرەك.

مۇھەببەتنى شەرابىنى ئاندىن ئىچىپ،
مەنمەنلىكنى قىلغانلاردىن يىراق قاچىپ،
ھەركىم كىرسە ئۇشبۇ يولغا جاندىن كېچىپ،
خاكى پايىن كۆزلەرىگە سۇرمەك كېرەك.

يولغا كىرگەن ئەرەنلەردىن يولنى سورماي،
ھەرنە كەلسە رازى بولۇپ ھەقدىن كۆرمەي،
ئىجازەتسىز يولغا قەدەم قويۇپ يۈرگەي،
ئىشق دۇكانىن يازىپ ئاندا قۇرماق كېرەك.

ئۇشبۇ يولغا كىرگەن تالىب بولدى ئاقىل،
غەفلەت بىرلە كۆيۈپ ـــ يانىپ بولماس ئاقىل،

ئۆمرىن زايە كەچۈرگەنلەر بولدى جاھىل،
ئىشق لەشكەرىن تۇتۇپ مۇدام قارماق كېرەك.

سەھەرلەردە چار زەرب ئۇرۇپ زىكرىن باشلا،
ھايۇ ھەۋەس، ماۋۇ مەنلىك يىراق تاشلا،
كېچە ـ كۈندۈز تەكبىر ئايتىپ تىنماي ئىشلە،
زىكرىن ئايتىپ سىدقى بىرلە تۇرماق كېرەك.

بەھر ئىچىندە ئادەم نەفسى جەۋلان قىلۇر،
ئاچلىغىدىن قاتىب تۇرسا ئەفغان قىلۇر،
دۇنيا تىلەپ دىن ئىشىنى ۋەيران قىلۇر،
يىلان ياڭلىغ ھەق ئۆمىدىن قىلماق كېرەك.

قۇل خوجا ئەھمەد نەفسىدىن ئۇلۇغ بەلا بولماس،
يەرۇ كۆكدە تۇئمە بەرسەڭ ھەرگىز تويماس،
تۇفراغ بولۇپ يەردە ياتساڭ كۇفرى ئۆلمەس،
پىرى مۇغان خىزمەتىدە تۇرماق كېرەك.

# 88 ـ ھېكمەت

ئاشىقلىقنى دەئۋاسىنى قىلغان كىشى،
مەئشۇقىدىن زەررە غافىل بولغانى يوق.
ئىشق گەۋھەرى تۈبسىز دەريا ئىچرە پىنھان،
جانىدىن كەچمەي ئول گەۋھەردىن ئالغانى يوق.

گەۋھەر ئالۇر غەۋۋاس ئەگەر جانىدىن كەچسە،
شەيدا بولۇپ ئىشق شەرابىن ھەركىم ئىچسە،
نەچچە ئايلار، نەچچە كۈنلەر ئەگەر ئۆتسە،
ئىشق گۈلى ئاچىلىپ ھەرگىز سولغانى يوق.

ئاشىق بولۇپ تاپاي دېسەڭ ھەقنى يولىن،
ئاسراغىل سەن ئىشق باغىدا ئەسرار گۈلىن،
مېھنەت بىرلە سىنار ئەرمىش ياخشى قۇلىن،
چىن ئاشىقنى ئاندىن كۆڭلى قالغانى يوق.

مېھنەتنى دەرياسىدا مەۋج ئۇرغۇسى،
ئىلمۇ ئەمەل قىلۇ قاللار شەۋق ئولغۇسى،
بۇ تېڭىزغە كىم كىرىبان، كىم چىقغۇسى،
ئاشىق قۇللار مەئشۇقىدىن قالغانى يوق.

قۇل خوجا ئەھمەد قەبۇل قىلدى ئايماقلىغنى،
قەبۇل قىلدى ئىشق ئوتىغا كۆيمەكلىكنى،

جانى بېرىپ ساتقۇن ئالدى كۆيمەكلىكنى،
چىن سۆزۈمدۇر ھەرگىز ئانى يالغانى يوق.



# 89 ـ ھېكمەت

ئاللاھ ـ ئاللاھ، سۇبھانالل‍اھ، قايان كېتەي،
يازۇقلارىم يەرگە سىغماس كىمگە ئېيتاي،
ساتتار ئىگەم ئەيىبىم ياپساڭ ئۆلۈپ كېتەي،
قارا يەرنىڭ ئاراسىندا قالدىم مانا.

ساچۇ ساقال خوب ئاقاردى، كۆڭۈل قارە،
تاڭلا بارسام يا يۈچەكمەن ياخۇد سەرە،
كىم «ئەلەستۇ بىرەببىكۇم» دېمىش ۋەقتە،
بىلەلمەسمەن قايۇ جەمدىن بولدۇم مانا.

غەرىبلىكنى ئوقى تەگدى باشىم قاتتى،
ئەزىز ئۆمرۈم غەفلەت بىلەن زارە ئۆتتى،
كافىر نەفسىم تۇغيان قىلىپ مېنى يۇتتى،
ۋا ھەسرەتا، نە يۈز بىرلە بارغۇم مانا.

# 90 ـ ھېكمەت

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىغە ئۆزۈم ئاتتىم،
رەھمەت سۇيى ئۇلۇغ دەريا چۆمۈپ پاتتىم،
مىڭ ئالتۇنلۇق قىيمەتىمنى بىرگە ساتتىم،
بەندە بولۇپ تەگدى قۇللۇق يەلى ماڭا.

كىچىكلىكدە قىلغان ئىشدىن ئەمدى ياندىم،
تەۋبە تونىن كىيدىم تەۋفىق قۇرىن تاڭدىم،
نەفس كافىرنى مەركەب قىلىپ، تاپىپ مىندىم،
ئاندىن تەگدى تەرىقەتنىڭ يەلى ماڭا.

تەرىقەتدە ھەيران بولۇپ يولدا قالدىم،
«رەببى» دەيۇ كېچە يىغلاپ، كۈندۈز كۈلدۈم،
باشدىن ساچۇ، يۈزدىن ساقال ئاندا يۇلدۇم،
ئاندىن سوڭرە روھلار سالام قىلدى ماڭا.

كېچە ئاللاھ، كۈندۈز ئاللاھ دېدىم مۇندا،
سۇبھان ئەزىم، سۇبھاناللاھ دېدىم مۇندا،
سەككىز ئۇچماغ قەبۇل قىلىپ تۇردى ئاندا،
ئاچىپ سالام قىلدى بېھىشت ھۇرى ماڭا.

قۇل خوجا ئەھمەد، كۈندەك يارۇر كۆڭلۈم نۇرى،
ھالەتىم يوق، قانىم ھەم يوق، رەڭگىم سارى،

قۇدرەت قانات بەردى ئۇچتۇم ئەرشدىن نارى،
روزى قىلدى دەرگاھىدا بارىن ماڭا.

# 91 ـ ھېكمەت

ئەرەنلەر تۆپسىز دەريا ئىچرە پىنھان،
تەكمە غەۋۋاس ئاندىن گۆھەر ئالغانى يوق،
ئاشىقلارى ئول تېڭىزغا چۆمۈپ ئوينار،
جاندىن كەچمەي، ئول گۆھەرنى ئالغانى يوق.

تەرىقەتنىڭ بوستاندۇر خۇش گۈلىستان،
تالىبلارە بۇلبۇل سىفەت قىلۇر جەۋلان،
مۇيەسسەر بولغايمۇ دەپ دۇررى مەرجان،
ئىخلاسلىق قۇل مەھرۇم بولۇپ قالغانى يوق.

بۇ يوللارنىڭ جەفالارىن ھەركىم تارتسا،
تاش ياستانىپ پىر ئىشكىدىن ساقلاپ ياتسا،
سۇبھى ياڭلىغ كۆڭۈل تاڭى ناگاھ ئاتسا،
ئىخلاسلىق قۇل مەھرۇم بولۇپ قالغانى يوق.

قۇل خوجا ئەھمەد سەۋدا قىلغىل بازار ئۆتمەي،
ئەجەل كۈنى تۇغۇپ ناگاھ ئايى پاتماي،
مەۋت شەرابىن ئەزرائىلدىن ناگاھ تاتماي،
ئىخلاسلىق قۇل مەھرۇم بولۇپ قالغانى يوق.

# 92 ـ ھېكمەت

ئاشىقلارى دائىم تىلەر دىدارىنى،
سەھەرلەردە غەفلەت بىرلە ياتماس بولۇر.
نادانلاردىن ئۇشبۇ سىرنى پىنھان قىلىپ،
جاھىللارغا ئاشىق مەن دەپ ئايتماس بولۇر.

ئارىف ئاشىق دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمەدى،
بۇ دۇنيادا ئىززەت ھۆرمەت بەر دېمەدى،
كېچە ـ كۈندۈز كۆز ياشىدىن ئايرىلمادى،
غەفلەت بىرلە غەملەرىغە پاتماس بولۇر.

ئارىفلارنىڭ دەرگاھىدۇر گۆھەر كانى،
ئول تېڭىزدا لەئلۇ گۆھەر يوق ئىمكانى،
ھېسابىنى بىلۇر ئاندا ئىشق سۇلتانى،
ئاشىقلارنى ئەقلى ئاڭا يەتمەس بولۇر.

ئاشىقلارى غەۋۋاس بولۇپ چۆمسە دەريا،
چىقسا ئاندىن ئۇلۇغ دۇرلار بولۇر پەيدا،
جاندىن كەچمەي جانان يۈزىن كۆرمەك قايدا؟
ئەمگەك بىرلەن تاپقان قولدىن كەتمەس بولۇر.

فانى فەنا بولماي كۆرمەس فەنا مۈلكىن،
ئاشىق بولسا پىنھان قىلۇر ۋۇجۇد كۆركىن،

ھەسرەت تاغى ھەسرەت بىرلە ئۆتەرمۇكىن؟
غەم تاغدىن ئەمگەنمەيىن ئۆتمەس بولۇر.

ئول ئۇقبادىن ھىممەت بىرلە ئاشاماغىلىك،
تۆرت يۈز قىرىق تۆرت ياشلىك بىرلە ياشاماغىلىك،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەندى باغلىك بوشاماغىلىك،
مىھنەت تارتماي راھەت تاغى ئاتماس بولۇر.

قۇل خوجا ئەھمەد ئەرەنلەرنى ياد ئەيلەبان،
ھېكمەت ئايتىپ ئۇشبۇ سۆزنى قىلدى بەيان،
تىڭلاغىزلار ئۇشبۇ سۆزنى بارچە ياران،
يالغان سۆزنى خەلايىققا ياماس بولۇر.



# 93 ـ ھېكمەت

ئەي دوستلارىم، ئارىفلار خالىس سۆھبەت ئېتەرلەر،
ئول سۆھبەتدە مەئرىفەت دۇرلارىنى ساچارلار.

سۆھبەت ۋەقتى ھازىر بول، ئەرەنلەرگە نازىر بول،
ئول ھالەتدە ئەرەنلەر ئەرگە نەزەر قىلۇرلار.

ھالەت ۋەقتى ئەرەنلەر دەرىيالارغا يۈزلەنسە،
تاپانلارى نەم بولماي دەرىيالارنى كېچەرلەر.

مۇرىد بولساڭ مۇرشىدگە مەھكەم بولغىل ئەي تالىب،
مۇرىدلارىن مۇرشىدلەر ھەرباب بىرلە سىنارلار.

ھىممەت تۇتسا ئەرەنلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇنچە
دەرىيالارنى بۆگەرلەر، تاغلارنى ھەم كېسەرلەر.

تەگرى سۆيگەن كىشىنىڭ ئىشى ئانىڭ بىلەندۇر،
ھەر كىمنى ھەق سۆيۈپتۇر بارچە ئانى سۆيەرلەر.

ئۆزلەرىنىڭ مۇرادىن چىن ئاشىقلار تىلەمەس،
مەئشۇقىنىڭ مۇرادىن دائىم ئالار تىلەرلەر.

قۇل خوجا ئەھمەد ۋاقىف ئول، فەيزۇ رەھمەت ئىشىكىن،
زىكرۇ تائەت ۋەقتىدە پەرىشتەلەر ئاچارلار.

# 94 ـ ھېكمەت

قارا ئاتغا مىنمەگۈنچە قارا كۆرمەس،
قارا لاچىن قونماغۇنچە سىرنى كۆرمەس،
سىرنى كۆرگەن ئارىفلارى مۇندا تۇرماس،
سەھەر ۋەقتدە جاننى قىيناپ تۇرۇك دوستلار.

قارا لاچىن قايرىلىبان قانات قاقار،
ئاشىق ئولدۇر، تەن ـ جاننى ئوتقا ياقار،
پىرى مۇغان نەزەر قىلىپ ئاڭا باقار،
شۇنقار ياڭلىغ قانات قاقىپ ئۇچۇك دوستلار.

دەۋلەت ياڭلىغ شۇنقار قۇشى كىمگە قونار،
لاچىن ياڭلىغ ھەلقە ئىچرە ئۆزىن ئۇرار،
جاننى قۇشى پەرۋاز قىلىپ ھازىر تۇرار،
ھازىر بولۇپ تەۋبە قىلىپ يۈرۈك دوستلار.

ئايا دوستلار، ئاخىر بولدى زەمانىمىز،
ھېچ قالمادى بۇ دۇنيادا نىشانىمىز،
خەبەر بەردى «ئەدۇۋۋەن» دەپ جانانىمىز،
ئاللاھ زىكرىن تىنماي ئايتىپ يۈرۈك دوستلار.

روزى «نەھنۇ قەسەمنا»دا ئۈلۈش بەردى،
ئۈلۈش ئالغان بەندەلەرى يولغا كىردى،

شەمئن كۆرۈپ پەرۋانەدەك ئۆزىن ئۇردى،
جاننى جانغا پەيۋەند قىلىپ يۈرۈك دوستلار.

ھەق رەسۇلنىڭ ئايغانلارى كەلگەن بولغاي،
ئاخىر زەمان نىشانەسى بولدى بولغاي،
فىسقۇ فەسات دۇنيا ئىچرە تولدى بولغاي،
تۈرلۈك ـ تۈرلۈك دەئۋا ئىشىن كۆرۈك دوستلار.



## 95 ـ ھېكمەت

سەھەر سايرار بۇلبۇللار گۈل يادىدىن ھەر زەمان،
سەن سايرىساڭ نە بولغاي ھەق يادىدىن ھەر زەمان.

ھەر قۇرتۇ قۇش ئايتادۇر ھەر نەۋئ بىرلە سەنانى،
قۇرتۇ قۇشچە بولمادىڭ، «ھۇۋ» دېمەدىڭ ھەر زەمان.

سۇبھى دەمدە تورغايلار راز ئايتاشۇر ھەق بىلەن،
سەندە ھىممەت بولمادى، راز ئايتمادىڭ بىر زەمان.

دۇنياغا غەرقاب بولدۇڭ، كۇفرى ئىسيانغا تولدۇڭ،
ئەمدى ئۆزۈڭگە كەلدىڭ، زىكرى قىلغىل ھەر زەمان.

قويغىل دۇنيا فىكرىنى، قىلغىل ھەقنى زىكرىنى،
بۇزغىل شەيتان مۇلكىنى، زاكىر بولغىل ھەر زەمان.

چىن ئۆلۈرسەن بىگۇمان، بۇزۇلۇر بۇ خانۇمان،
نەچە ئۇقۇساڭ قۇرئان، ئىمان ئايتغىل بىر زەمان.

قۇل خوجا ئەھمەد بېلىڭنى ئىككى يەردىن باغلاغىل،
كەلسە ئەجەل قويماسدۇر، جانىڭ ئالۇر شۇل زەمان.

# 96 ـ ھېكمەت

خىلۋەت كىرىپ دوستلارىم، ياد ئېتەلۇك دائىما،
مۇھەببەتنى شەرابىن نۇش ئېتەلۇك دائىما.

مۇھەببەتنىڭ شەرابىن ھېچ كىشىگە بەرمەسلەر،
باغىر قانىن ئاققۇزۇپ، ئاشىق ئىچەر دائىما.

مۇھەببەتنىڭ شەرابىن ئىچكەن ئاشىق نىشانى،
ۋالە بولغان بۇلبۇلدەك فەرياد قىلۇر دائىما.

مۇرىد مۇردە پىر غەسسال، ئوقۇپ يۈرۈر ھەسبى ھال،
كۆرەي دىبان ئول جەمال، جەۋلان قىلۇر دائىما.

مۇرىدلارىن تەربىيەت، كۆندە يۈزمىڭ خاسىيەت،
ئۆزلەرىن چوپان سىفەت، چوپان قىلۇر دائىما.

ھەلقە قۇرۇپ ئەرەنلەر، «ھۇۋۇ» زىكرىنى باشلاسا،
ئول زىكرىيا پەيغەمبەر ھازىر بولۇر دائىما.

ئاندىن سوڭرە ھەق نۇرىن زاكىرلارغا ساچارلار،
مەلائىكلەر ساف تولۇپ ئەررە باشلار دائىما.

مۇھەببەت شەرابىنى قولغا ئالىپ مۇھەممەد،
زاكىرلارغا سۇنۇبان ساقى بولۇر دائىما.

مۇھەببەتنى شەرابىن ئىچكەن ئۈچۈن خوجا ئەھمەد،
ئەرش ئۈستىگە قونۇبان پەرۋاز قىلۇر دائىما.



# 97 ـ ھېكمەت

ئاگاھ سىزنى كەچتى دوستلار، ئەسسىز ئۆمرۈم،
ۋادەرىغا، بارىپ ئاندا نە ئايغايمەن؟
فەزلى بىرلە ھۆكمى قىلسا دەۋلەت ماڭا،
ئالدى بىرلە سورار بولسا نە ئايغايمەن؟

ئوتتۇز ئاشتى، قىرقغا يەتتى ياشىم مېنىڭ،
بىلمەسمەنكىم، نېچۈك كەچتى ئۆمرۈم مېنىڭ،
تاڭلا كۈنى نېچۈك بولغاي ئىشىم مېنىڭ،
مىسكىن بولۇپ قايان سارى قايرىلغايمەن.

مەئسىيەتنى دەرياسىغا غەرق بولۇپ،
يۈرۈمىشمەن شەيتان بىرلە رەفىق بولۇپ،
تۈن ـ كۈن يىغلاپ كۆزدە ياشىم ئارىق بولۇپ،
رەسۋا بولۇپ بارىپ ئاندا نە ئايغايمەن؟

ئازۇقسىزنى يولغا كىرگەن ئۆلمەكى بار،
كۆكسىز دەرەخت چېچەكلەنىپ سولماغى بار،
مۇجرىم قۇللار بارسا ئاندا سورماغى بار،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە ئايغايمەن؟

بۇ دۇنيانى مەنگۈ يوقنى ئەمدى بىلدىم،
ئۇشبۇ ئاسىي ئىشلارىمدىن ئەمدى ياندىم،

قۇل خوجا ئەھمەد دەرگاھڭغا سغنپ كەلدىم،
قورقادۇرمەن، قايۇ سۆزگە تۇتۇلغايمەن.



# 98 ـ ھېكمەت

سۇبھان ئىزنىم ھىدايەتنى روزى قىلدى،
تەلىم ھىجاب كۆڭلىمىزدىن كېتەرمۇكىن؟
تۈنى ـ كۈنى ھەزرەتىگە ئاللاھ دېسەم،
مۇڭلۇغ بەندە مەقسۇدىغا يېتەرمۇكىن؟

مەئرىفەتنىڭ بوستانىدا بۇلبۇل بولۇپ،
ھەق يادىدا دائىم مۇدام مەشغۇل بولۇپ،
قۇللۇق قىلسام ھەزرەتىگە چىن قۇل بولۇپ،
بۇ ھالەتدە رىھلەت تاڭى ئاتارمۇكىن؟

ئەگرى يولغا يۈردۈم دائىم، خەتا قىلدىم،
ئەمدى بىلدىم، ئۆز جانىمە جەفا قىلدىم،
دەرگاھىڭغا ياقام تۇتۇپ يانا كەلدىم،
لۇتفى ئەيلەبان تەۋبەم قەبۇل ئېتەرمۇكىن؟

ئەرەنلەرنى ئىزىن ئىزلەپ يولغا كىرسەم،
ئاستانەگدە دۇئا قىلىپ يۈزۈم سۈرسەم،
غەرىبلەرنى كۆڭلىن ئاۋلاپ دۇئا ئالسام،
بۇ ئىشى بىرلەن مېنى ئىشىم بىتەرمۇكىن؟

نەدامەتدە تۈنى ـ كۈنى ياشىم تۆكسەم،
خۇدايىمغا زارى قىلىپ ئەرز ئەيلەسەم،

ياخشىلارنى ھەزرەتىگە شەفىئ بولسام،
قۇل نىيازى بىنىيازغا يېتەرمۇكىن؟

ئەھمەد سېنى ئەسسىز ئۆمرۈڭ يەلدەك ئۆتتى،
دۇنيا تىلەپ ئاخىرەتنى شەمئى ئۆچتى،
مەئسىيەتنى پەيمانەسى تولدى تاشتى،
رەھمان تەڭرىم گۇناھىمدىن ئۆتەرمۇكىن؟



## 99 ـ ھېكمەت

بىلدىم ئەمدى ھەسرەتىڭگە كۆپ يازمىشمەن،
قاموغ دوستلار، بۇ يول ئىچرە كۆپ ئازمىشمەن،
قۇلاۋۇزسىز قاراڭغۇدا يول ئازمىشمەن،
كۆڭلۈم تاڭى ئاتىپ، كۆرۈپ ئاتمايىنمۇ؟

كۆڭۈل تاڭى ئاتتى ئەرسە قۇردى بازار،
تەفەككۇرنى دەرياسىغە كىرىپ سۆزلەر،
شەۋق شەرابىن ئىچسەم دەيۈپ كۆڭلۈم سىزەر،
سىر شەرابىن قۇيابەردى، كۆيمەيىنمۇ؟

قاموغ دوستلار، كەچتى كۆرۈك كەلدى جەزا،
يۈرۈمىشمەن تەلبەلەردەك يولدىن ئازا،
سىر شەرابىن ئىچتىم ئەرسە بەردىم مەزە،
ئاخىرەتنى ئەسبابىنى قۇرمايىنمۇ؟

ئاخىرەتنى ئەسبابىنى قۇردى ياران،
ھەق رەسۇلنى سۈننەتىنى تۇتتى ياران،
قانى ئەۋۋەل سىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن كارۋان،
مەن ئالارنى ئىزىن ئىزلەپ يەتمەيىنمۇ؟

ۋادەرىغا، كەچتى ئۆمرۈم غەفلەت بىرلەن،
سوئال سورسا جەۋابى يوق ھۆججەت بىرلەن،

بەرمەگەيسز ئوترۇ كەلسە مىننەت بىرلەن،
ئەمدى مۇزلاپ، قاردەك ئېرىپ ئاقمايىنمۇ؟

ۋادەرىغا، كەچتى ئۆمرۈم، قالدى بەقا،
يىگىتلىكىم يەلدەك ئۆتتى، سۇدەك ئاقا،
مىسكىنلىكنى مەقامدا يىرتىپ ياقا،
تۇتۇپ تەۋبە ئوتى بىرلەن كۆيمەيىنمۇ؟

قۇل خوجا ئەھمەد يەتتى ئىشقنى بىساتىنە،
ئىنشائاللاھ، ھەق يەتكۈرگەي نىيەتىنە،
ئىشەندىمەن ھەق كەلامى ئايەتىنە،
بولدۇم رەفىق، ئۆتكۈلەردىن ئۆتمەيىنمۇ؟

# 100 ـ ھېكمەت

ئايا دوستلار، شۇنقار قۇشۇم ئۇچۇردۇممەن،
قانات قاقىپ قايسى تەرەف راۋان بولدى؟
گاھى ـ گاھى ئارقاسىدىن ئۇندەي قالدىم،
دەۋر ئالىبان كۆزلەرىمدىن نىھان بولدى.

ئاياق باغىن مەھكەم تۇتماي قاچۇردۇممەن،
سىلاپ ـ سىيپاپ تاپىن تاپماي ئۇچۇردۇممەن،
نەدامەتدە قالدى ئۆمرۈم كەچۇردۇممەن،
ئەمدى مېنىڭ ئىشىم ئاھۇ فىغان بولدى.

سوراغ سورسام تاپىلغايمۇ ئوشال قۇشۇم،
تاپىلماسا دۇشۋار ئېرۈر مېنىڭ ئىشىم،
ھەسرەتىندە تىنماي ئاقار كۆزدە ياشىم،
ئەمدى مېنىڭ قىلغان سۇدۇم زىيان بولدى.

پىرىم مەدەد قىلسا قايتا قولغا ئالسام،
ھەربىر يۈكۈن كۆزلەرىمگە سۇرمە قىلسام،
ياخشى تابلاپ قاز ـ ئۆردەككە قارشۇ سالسام،
بىھەمدىللاھ، ئەمدى ساھىب قۇرئان بولدى.

مۇنداق تۆھفە ئىلكىڭدەدۇر، قويما زىنھار،
ئاياق باغىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرغىل بىدار،

ئاخر بىر كۆن كۆرسەتكۆسى ساڭا دىدار،
دىدار كۆرگەن قۇلنى ئورنى جىنان بولدى.

«ئاللاھۇممە يا مالىكەر ـ رىقاب» ئوقۇپ،
ئازادلىغ بەراتىنى ئىزلەپ تاپىپ،
تەۋبە دىبان ئەگرى يولدىن راستقا قايىتىپ،
تەۋبە قىلغان قۇللار ئاندا مىهمان بولدى.

قۇل خوجا ئەھمەد ئۆزۆڭ غافىل، ئەقلىڭ زايىل،
ئەمەلىڭ يوق، دۇنيا سارى كۆڭلۆڭ مايىل،
بۇ ئاياقىڭ ئۆستىدەدۇر چاھى هابىل،
يىقىلۇرىن بىلگەن كىشى ئەمان بولدى.

## 101 ـ ھېكمەت

تولدى ئۆمۈر پەيمانەسى،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟
شەيتان كۆڭۈل غەمخانەسى،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

قىلماس نەسىھەت ھېچ كىشىم،
ئىسيان بىلە بولدى ئىشىم،
مۇنداق كېچىپ يازۇ قىشىم،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

قاتتىغ گۇناھ بولدى ئىشىم،
جەھەننەمدە بولدى يېرىم،
ئاخىر غەزەب قىلسا كەرىم،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

قۇرئان خەتىن كۆرمەس كۆزۈم،
ئايەت ـ ھەدىس ئەرمەس سۆزۈم،
قۇل مەن دېسەم يالغان ئۆزۈم،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

نە مۇندادۇر روزۇ نەماز،
نە خەير ـ ئېھسانۇ نىياز،

يوق ھەققەت خەيرۇ نىياز،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

نەفسىم مېنى ئۇتقا سالۇر،
ھەر لەھزە تەندىن جان ئالۇر،
دەردىم دەۋا تاپماي قالۇر،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

شەيتان غەنىمدۇر ماڭا،
نېچۇك ئايتاي «يا رەببەنا»،
يا رەب، سىغىنۇرمەن ساڭا،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

يىگىتلىك قۇۋۋەتى كەتتى،
قارىلىق نەۋبەتى يەتتى،
كەلدى يەقىن مەرگى ئەجەل،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

تۇتقاي ئۆلۈم جامى شەراب،
خانۇمانىم قىلغاي خەراب،
يا ھەسرەتا، ئەلەل ئەبەد،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

ئەگەر يۈز يىل مۆھلەت بېرۇر،
ئەجەل ئاخىر قارشۇ كېلۇر،
ساڭا قارا كۈنلەر سالۇر،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

دۇنيا ئىشدۇر بىر سارى،
نەفسىم ئېرۇر دۇشمەن بارى،
ئۇقبا ئېرۇر ھەسرەت يېرى،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

قىلدىم بەسى فىسقۇ فۇجۇر،
قالدىم نېتەي مەھرۇمۇ دۇر،
كۆڭلۈمدە يوقتۇر زەررە نۇر،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟

ھەقدۇر كەرىم يا ئەكرەم،
قۇل خوجا ئەھمەد يېمە غەم،
دەرماندەلىك دەمبەدەم،
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن؟



تەكلىپلىك تەھرىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ئابدۇۋەلى ئابدۇللا

ئەھمەد يەسسەۋىي

# دىۋانى ھېكمەت

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ    پوچتا نومۇرى: 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—6429086 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ جياشۈن باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2012 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2012 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 155×225م م. 16 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.75 |
| باھاسى | : | 22.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12161-8/I • 2337（维 349)

特约编辑：买买图尔地
责任编辑：阿布力孜·买买提力
责任校对：阿不都外力·阿不都拉

图书在版编目(CIP)数据

哲理诗101首：维吾尔文/阿合玛德·亚萨维著；阿布都热西提·吉里力译.—北京：民族出版社，2012.5
ISBN 978-7-105-12161-8

Ⅰ.①哲… Ⅱ.①阿…②阿… Ⅲ.①维吾尔族—古典诗歌—诗集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I222.72

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第087320号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京佳顺印刷有限公司
版　　次：2012年6月第1版　2012年6月第1次印刷
开　　本：155×225毫米　16开
印　　张：16.75
定　　价：22.00元

ISBN 978-7-105-12161-8/I·2337（维349）